ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



# قۇياشنىڭ ھېكايىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

باشمالتاق قىز

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

زەھەرخەندە پادىشاھ

قۇياشنىڭ ھېكايىسى

ISBN 978-7-228-07722-9

9 787228 077229 >

定价：13.00 元

5

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

# قۇياشنىڭ ھېكايىسى

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 - يىل ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

安徒生童话选. 5：维吾尔文/（丹）安徒生(Andersen, H. C.）著；卡得尔·阿尔斯兰译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 2
ISBN 978—7—228—07722—9

Ⅰ.安… Ⅱ.①安… ②卡… Ⅲ.童话—作品集—丹麦—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I534.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 017256 号

作　　者　(丹)安徒生
译　　者　卡得尔·阿尔斯兰
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿达来提·买合苏提，阿孜古丽·克力木
封面设计　买买提·诺比提
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　(0991)2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华印刷二厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5.5
版　　次　2008 年 2 月第 1 版
印　　次　2008 年 2 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000
定　　价　13.00 元

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据中国少年儿童出版社 2005 年 10 月第 1 版，2005 年 10 月第 1 次印刷本选译出版。

# قۇياشنىڭ ھېكايىسى

(ئاندېرسېن چۆچەكلىرى — 5 )

**ئاپتورى :** ئاندېرسېن (دانىيە )
**تەرجىمە قىلغۇچى :** قادىر ئارسلان
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت مەخسۇت ، ئارزۇگۈل كېرەم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5.5
**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىرازى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—07722—9
**باھاسى :** 13.00 يۈەن




بۇ كىشى خانس خىرىستىيان ئاندېرسېن.

ئۇ دانىيىدە تۇغۇلغان.

لېكىن، ئۇ ئىجاد قىلغان چۆچەكلەر دانىيىدىن

جىم ـ جىم ھالقىغان.

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ھازىرغىچە

ئاڭلاپ كەلمەكتە.

# مۇھەررىردىن

خانس خىرىستىئان ئاندېرسېن (1805 ــ 1875)، دانىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق بالىلار چۆچەكچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئودىنسەي دېگەن كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موزدۇز بولۇپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناپولېئونغا ياللانما ئەسكەر بولغان، كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندېرسېن بۇ چاغدا ئاران 11 ياشتا بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئائىلە خىزمىتىدىن تاپقان كىرىمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئاندېرسېن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامالسىز

قېلىپ، يۇڭ توقۇلما ماللار دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1819 - يىلىغا كەلگەندە ئاندېرسېن ئارتىس بولۇش ئويى بىلەن كوپېنھاگېنغا كېلىپ، پادىشاھلىق تىياتىرىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، كېيىن بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل سەنئەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىشىلىك ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرگەن.

ئاندېرسېن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسەن باللار چۆچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاندېرسېن ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك يازغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر باللار چۆچىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

19 - ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن فانتازىيىگە تويۇنغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇچار قۇش، ھايۋانات، قۇرت - قوڭغۇزلار، بېلىقلار، گۈللەر، ئوت -

گىياھلار، پۇتكۇل تەبىئەت، ھەتتا ئائىلە سايمان ـ جابدۇقلىرى، ئويۇنچۇقلاردا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۇدەك ھالدا قايتىدىن جان كىرىدۇ؛ دادىللىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇر زامان، ماكاننىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئاجايىپ ـ غارايىپ چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن شاكىچىك ئەسكەر پادىشاھ بولىدۇ؛ سەت ئۆردەك چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ؛ شىددەتلىك شەرق شامىلى باتۇرلارنى ئەقىل ـ پاراسەت ماكانى ۋە بەختلىك ئارال دۆلىتىگە باشلاپ كېلىدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ تۆككەن مۇڭلىرى ئىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئەمەلگە ئېشىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ئاندېرسېننىڭ چۆچەك دۇنياسىدا تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. مەيلى ئەپسانىدىكى دۇنيا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش بولسۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاندېرسېن ئۇسلۇب جەھەتتە ئىخچام، روشەن بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۇزەكى ھەشەمەتلەرگە بېرىلمەيتتى. تىلىنىڭ جانلىق

بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىدا ساپ، جانلىق خەلق تىلىنىڭ سەھراچە پۇراقلىرىمۇ بار ئىدى.

ئاندېرسېن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چۆچەك ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان. ئاندېرسېن 1875 - يىلى كوپېنھاگېندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.



# مۇندەرىجە


قار ئادەم ........................ 1
كېپىنەك ........................ 11
چار پاقا ........................ 17
پۈرۈچلار ........................ 32
كىم ئەڭ بەختلىك ........................ 37
چوڭ خوخىنىڭ كەچۈرمىشى ........................ 46
سەن نېمىلەرنى ئويلىيالايسەن ........................ 54
بىر ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنى ........................ 62
قۇياشنىڭ ھېكايىسى ........................ 68
دېڭىز يىلىنى ........................ 75
باغۋەن بىلەن خوجايىن ........................ 93
پالەچ بالا ........................ 106
بۈزۈن ئانا ........................ 126
كۆلەڭگە ........................ 141

# قار ئادەم

— بۇ ئېسىل سوغۇق ھاۋادا پۈتۈن بەدىنىم ھۇزۇرلىنىپ غىرسلاپ كېتىۋاتىدۇ، شامال بەك جانلاندۇرۇۋېتىدىكەن ئەمەسمۇ. ۋۇي، ئادەمنى كۆيدۈرىدىغان نەرسە ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ! — دەپتۇ قار ئادەم ئولتۇراي دەپ قالغان كۈننى كۆرسىتىپ، — ئۇ كۆزلىرىمنى قاماشتۇرالمايدۇ، مەن چوقۇم قەددىمنى تىك تۇتۇپ تۇرالايمەن.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىككى پارچە كاھىش پارچىسىدىن ياسالغان، ئاغزى بىر سۇنۇق تىرنا ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ چىشلىرىمۇ بار بولۇپ قالغانىكەن.

ئۇ بالىلارنىڭ شادلىق چۇقانلىرى ئىچىدە دۇنياغا كەپتۇ. چانىلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ۋە پوجاڭزىلارنىڭ «پاڭ ـ پۇڭ» ئاۋازلىرى ئۇنى قارشى ئاپتۇ.

كۈن ئولتۇرۇپتۇ، تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپتۇ. يۇملاق ھەم يورۇق تولۇن ئاي زەڭگەر ئاسماندا تولىمۇ نۇرلۇق ھەم گۈزەل كۆرۈنىدىكەن.

— ئۇ باشقا تەرەپتىن كەلدى، — دەپتۇ قار ئادەم، ئۇ ئاينى قۇياشنىڭ قايتىدىن زاھىر بولۇشى دەپ قارايدىكەن، — مەن ئۇنىڭ كۆزنى چاقىدىغان كېسىلىنى ساقايتىپ قويدۇم! ئەمدى ئۇ ماڭا ئۆزىنى كۆرسەتكەچ نۇرىنى چېچىۋەرسۇن. ئەگەر مەن ھەرىكەت قىلىشنى بىلگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى! مېنىڭ ئورنۇمدىن بەك يۆتكىلىپ باققۇم بار. شۇنداق قىلالىغان بولسام، باللاردەك مۇز تېيىلغان بولاتتىم. شۇغىنىسى، مەن مۇز تېيىلىشنى بىلمەيمەن.

— ھاۋ! ھاۋ! — دەپ ھاۋشىپتۇ زەنجىرلەپ قويۇلغان ئىت سەل بوغۇق ئاۋازدا، — قۇياش ساڭا يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ! مەن كۆرگەنمەن، قۇياش سېنىڭ ئەجدادلىرىڭغا يۈگۈرۈشنى ئۆگەتكەن! شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

— نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشىنەلمىدىم، بۇرادەر! ئاسماندىكى ئاۋۇ نەرسىنى ماڭا يۈگۈرۈشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ قار ئادەم ئاينى كۆرسىتىپ، — توغرا، قاراپ تۇرسام، ئۇ راستىنلا يۈگۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ باشقا بىر تەرەپتىن چىقىپ قالدى.

— سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، — دەپتۇ ئىت، — لېكىن، سەنمۇ بايىلا دۈۋىلەپ قويۇلدۇڭ! سەن ھازىر قاراۋاتقان نەرسە ئاي، بايا ئولتۇرغىنى قۇياش، ئۇ ئەتە ئەتىگەن قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ ساڭا ئېرىققا قانداق



يۇگۇرۇپ چۇشۇشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. ھاۋا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بۇنى سول پۇتۇم بىلەن ھېس قىلالايمەن، بۇ پۇتۇم سەل ئاغرىۋاتىدۇ، ھاۋا ئۆزگىرىدىغان بولدى.

— ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، —

دەپتۇ قار ئادەم، — لېكىن، ئۇ چاتاقراق بىر ئىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ماڭا تىكىلىپ قارىغان، كېيىن پېتىپ كەتكەن، ئاۋۇ ئىت قۇياش دەپ ئاتىغان نەرسە ماڭا دوست بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، مەن شۇنى تۇيۇۋاتىمەن.

— ھاۋ ! ھاۋ ! — دەپ ھاۋشىپتۇ ئىت ۋە ئۇخلىغىلى كاتىكىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ھاۋا راستىنلا ئۆزگىرىپتۇ. سەھەردە ئەتراپنى قېلىن ھەم قويۇق تۇمان قاپلاپتۇ. تاڭ يورۇغاندا، مۇزدەك شامال چىقىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپ قىروغا پۈركىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئاق مارجانلىققا ئايلانغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە ! — دەپتۇ بىر يىگىت بىلەن بىللە باغچىغا كىرگەن بىر قىز قار ئادەمنىڭ يېنىدىكى يالتىراپ تۇرغان دەرەخنى كۆرۈپ، — بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى يازدىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ!

— بۇنىڭدەك چىرايلىق يىگىتنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ يىگىت قار ئادەمنى كۆرسىتىپ، — ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن.

قىز بېشىنى لىڭشىتقىنىچە قار ئادەمگە قاراپ كۈلۈپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قار ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپتۇ.

— ئۇلار كىم؟ — دەپ سوراپتۇ قار ئادەم ئىتتىن، — سېنىڭ بۇ باغچىدا ياشىغان ۋاقتىڭ مېنىڭكىدىن ئۇزاق بولغاندىكىن، ئۇلارنى تونۇيدىغانسەن؟

— تونۇيمەن ! — دەپتۇ ئىت، — ئاۋۇ قىز دۇمبەمگە پەپىلەپ قويغان، ئاۋۇ يىگىت بىر سۆڭەك بەرگەن، شۇڭا ئۇلارنى چىشلىمەيمەن.

— لېكىن، ئۇلار بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— ئۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلار! ئۇلار بىر كاتەككە كۆچۈپ كىرىپ، بىر سۆڭەكنى تەڭ غاجايدۇ. ھاۋ، ھاۋ!

— ئۇلار ئىككىسىمۇ بىز ئىككىمىزگە ئوخشاش شۇنچە مۇھىممۇ؟

— ئۇلار دېگەن خوجايىن. تونۇگۈن ئاخشام تۇغۇلغان بىرەيلەننىڭ بىلىدىغانلىرى ھەقىقەتەن بەك ئاز. مەن سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ بۇنىڭغا دىققەت قىلدىم! مېنىڭ يېشىممۇ چوڭ، بىلىمىممۇ بار، بۇ باغچىدىكى ھەممە ئىشنى بىلىمەن. مېنىڭ يەنە قەھرىتان قىشنى كۆرمەي ئۆتكۈزگەن، زەنجىرلەپ قويۇلماي ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىممۇ بولغان. ھاۋ! ھاۋ!

— سوغۇق دېگەن بەك راھەت، — دېدى قار ئادەم، — زەنجىرىڭنى تولا شاراقلاتماي سۆزلىگىنە، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام بەدىنىم قاراسلاپ كېتىدىكەن.

— ھاۋ! ھاۋ! — دېدى ئىت، — مەن بۇرۇن بىر كۈچۈك ئىدىم. ئۇلار مېنى كىچىك ھەم ئوماق دەيتتى، ئەر خوجايىننىڭ تىزىدا يېتىپ ئۇخلايتتىم، ئۇلار بۇرنۇمغا سۆيۈپ قوياتتى، كەشتىلىك لۆڭگە بىلەن پۇتۇمنى سۈرتۈپ قوياتتى. مېنىڭ ئىسمىم «گۈزىلىم»، «ئومىقىم» ئىدى. لېكىن، كېيىن ئۇلار مېنى چوڭ بولۇپ كەتتى دەپ، غوجىدارغا تاپشۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن گەمىگە چۈشۈپ قالدىم. سەن تۇرغان يەردىن ئاشۇ گەمىنى كۆرگىلى بولىدۇ، سەن ئۇ يەردىن گەمىنىڭ



ئىچىنى كۆرەلەيسەن، ئىلگىرى مەن ئۇ جاينىڭ خوجايىنى بولغان. چۈنكى، غوجىدار بىلەن بىللە تۇرغاندىكىن، ئۇ جاينىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىمەن ـ دە. ئۇ جاي يەر ئۈستىدەك چىرايلىق ئەمەس، بىراق بەك راھەت ئىدى. ئۇ يەردە تۇرسام بالىلارنىڭ تايىقىنى يېمەيتتىم. يېمەك ـ ئىچمىكىم بۇرۇنقىدەكلا ياخشى، ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ ياخشى ئىدى! مېنىڭ كۆرپەم يەنە تېخى مەشمۇ بار ئىدى، بۇ مۇشۇ كۈندە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق نەرسە ھېسابلىنىدۇ. تۈگۈلۈپلا ئۇنىڭ ئاستىغا كىرىۋالسام، كۆرۈنمەيلا قالاتتىم. ھەي ـ ي، ھازىرمۇ چۈشۈمدە ئاشۇ مەشنى كۆرىمەن. ھاۋ! ھاۋ!

— مەش دېگەن شۇنداق چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى قار ئادەم، — ئۇ ماڭا ئوخشامدۇ؟

— ئۇ تامامەن سېنىڭ ئەكسىڭچە ! ئۇنىڭ ئۇزۇن بويىنى، يوغان مىس قورسىقى بار. ئۇ ئوتۇن يەيدۇ، شۇڭا بەدىنىدىكى ئوت ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئىسسىنىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇڭ كېرەك، ئۇنىڭغا يېقىنراق تۇرساڭ ياكى ئاستىغا چاپلىشىپ تۇرساڭ بەك راھەت بولىدۇ. سەن تۇرغان يېرىڭدىن ئاۋۇ دېرىزىگە قارىساڭ، ئۇنى كۆرەلەيسەن.

قار ئادەم قاراپ بېقىۋىدى، پارقىراپ تۇرغان يوغان قورساق بىر نەرسىنى راستتىنلا كۆردى. قار ئادەمدە بىر خىل غەلىتە ھېسسىيات پەيدا بولدى، قار ئادەم بولمىسىلا، ھەممە ئادەم بۇ نەرسىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئۇ ياخشى بولسا، سەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى قار ئادەم، ئۇ بۇ نەرسىنى چوقۇم ئايال كىشى دەپ قالغانىدى، — نېمىشقا شۇنداق ئوبدان يەردىن ئايرىلدىڭ؟

— ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدىم. ئۇلار مېنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ يەرگە زەنجىرلەپ باغلاپ قويدى. مەن ئۇلارنىڭ ھېلىقى كىچىك بەگزادىسىنى چىشلەپ قويغانىدىم. چۈنكى، ئۇ مەن غاجاۋاتقان سۆڭەكنى بىر تەپكەنىدى. «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى - دە، شۇنىڭدىن تارتىپ مېنى زەنجىرلەپ قويدى، مېنىڭ ياخشى ئاۋازىممۇ يوق بولدى. ھازىرقى ئاۋازىمنىڭ بوغۇقلۇقىغا دىققەت قىلغانسەن؟ ھاۋ! ھاۋ! مانا بۇ شۇنىڭ ئاقىۋىتى !

ئەمدى قار ئادەم ئىتنىڭ سۆزلىرىگە زەن قويماپتۇ. ئۇ يەنىلا ئايال غوجىدارنىڭ گەمىسىگە قاراپ تۇرۇپتۇ،

ئۇ يەردە مەش تۆت دانە تۆمۈر پۇتى بىلەن تۇراتتى، مەشنىڭ چوڭلۇقى قار ئادەمنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىكەن.

— بەدىنىم غىرسلاپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپتۇ قار ئادەم، — مەن ئۇ يەرگە زادىلا كىرەلمەسمەنمۇ؟ بۇ بىر گۆدەكلەرچە ئارزۇ بولسا كېرەك، لېكىن بۇ مېنىڭ ئەڭ زور ئارزۇيۇم، بىردىنبىر ئارزۇيۇم. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇم قاندۇرۇلمىسا، ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. مەن چوقۇم كىرىشىم، دېرىزىنى چېقىپ بولسىمۇ كىرىشىم كېرەك !

— لېكىن، سەن ھەرگىز كىرەلمەيسەن، — دەپتۇ ئىت، — ئەگەر سەن مەشكە يېقىنلىشىدىغان بولساڭلا تۈگىشىسەن. ھاۋ!

— ئۇنىڭسىزمۇ مەن خېلى تۈگىشىپ كەتتىم. سېزىۋاتىمەن، مەن يېرىلىدىغان بولدۇم.

قار ئادەم كۈن بويى دېرىزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ئۆينىڭ ئىچى ئادەمنى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتىدىكەن. مەشتىن چىقىۋاتقان يورۇقلۇق شۇنچە يېقىملىق ئىكەن، ئۇ ئاي نۇرىغا ئوخشىمايدىكەن، كۈن نۇرىدەك بەك كۈچلۈك ئەمەس ئىكەن.

— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپتۇ قار ئادەم، — ئۇنىڭ تىلىنى چىقارغان چاغدىكى قىياپىتى نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە !

قىش كېچىسى بەك ئۇزۇن، ئەمما قار ئادەم ئۇچۇن ئۇنداق بىلىنمەيدىكەن. قار ئادەم گۈزەل تەسەۋۋۇرلارغا چۆمۈلگەن ھالدا ئۇ يەردە تۇرۇپتۇ.

سەھەردە گەمىنىڭ دېرىزىسى مۇز تۇتۇپ، ھەرقانداق

قار ئادەمنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئەڭ چىرايلىق مۇز گۈللىرى پەيدا بوپتۇ. لېكىن، مۇز گۈللىرى مەشنى توسۇۋاپتۇ، ئەينەكتىكى مۇز ئېرىمىسە، ئۇ مەشنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بەدىنى غىرسلاپتۇ، ئەسلىدە بۇ قار ئادەمنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان سوغۇق ھاۋا ئىكەن، ئەمما ئۇ خۇشال بولالماپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشى كېرەك ئىكەن، ئەمما ئۇنداق قىلالماپتۇ، ئۇ مەشنى سېغىنىش كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

— قار ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بەك چاتاق كېسەل جۇمۇ! — دەپتۇ ئىت، — مەنمۇ بۇنداق كېسەل بولۇپ باققان، بىراق ھازىر ساقىيىپ كەتتىم. ھاۋ! ھاۋ! ئەمدى ھاۋا ئۆزگىرىدىغان بولدى.

ھاۋا ئۆزگىرىپتۇ، توڭ ئېرىشكە باشلاپتۇ.

توڭ ئېرىيدىغان ھاۋا خېلى ئۇزاق داۋاملىشىپتۇ، قار ئادەم كىچىكلەپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېچنېمە دېمەپتۇ، ئاغرىنماپتۇ، بۇ كېسەلنىڭ بېشارىتى ئىكەن.

بىر ئەتىگىنى ئۇ غۇلاپ چۈشۈپتۇ. ئۇ تۇرغان يەردە تىكلەپ قويۇلغان بىر سۈپۈرگە قاپتۇ، ئەسلىدە باللار سۈپۈرگىنى چۆرىدەپ قارنى يىغىپ قار ئادەمنى ياسىغانىكەن.

— ئۇنىڭ سېغىنىش كېسەللىكىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم! — دەپتۇ ئىت، — قار ئادەمنىڭ بەدىنىدە بىر كۆسەي بار ئىكەن ئەمەسمۇ! بۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىچىنى قوچۇپتۇ ـ دە. ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ھاۋ! ھاۋ!

ئۇزاق ئۆتمەي قىشمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

«هاۋ! هاۋ!» دەپ هاۋشىپتۇ ئىت، ئەمما هويلىدا قىزچاقلارنىڭ ناخشىسى ياڭراپتۇ:

چىققىن، چىققىن، ئۇچقۇلاق،
بىخلىغىن يۇمران.
ئېگىل، ئېگىل، مەجنۇنتال،
شاخلىغىن چاپسان.
ئەي كاككۇكلار، بۇلبۇللار،
چاققان كېلىڭلار.
ناخشىمىزغا جور بولۇپ
ناخشا ئېيتىڭلار.
ئەي قۇياشىم، ئۆز ئېيىم،
پات ـ پات كېلىڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن، هېچكىم قار ئادەمنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويماپتۇ.



# كېپىنەك

كېپىنەك ئۆزىگە لايىق تاپماقچى بوپتۇ. تەبىئىيكى، ئۇ گۈللەر ئارىسىدىن بىر قوڭغۇراقگۈلنى تاللىۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ گۈللەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقىپتۇ، گۈللەر خۇددى توي قىلىشقا پۇتۇشمىگەن قىزلاردەك خاتىرجەم قىياپەتتە قەددىنى رۇسلاپ ئۆزلىرىنىڭ غوللىرىدا ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، گۈللەر بەك جىق، بەك جىق بولۇپ، تاللىۋېلىش بەك قىيىن ئىكەن. كېپىنەك ئاۋارىچىلىكتىن قورقۇپ، ئانتىپىمىسنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئادەملەر ئانتىپىمىسنى فرانسىيە مارگېرىتى دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ پال ئاچالايدىكەن. جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار ئۇنىڭ بەرگىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۈزىدىكەن، ھەربىر بەرگىنى ئۈزگەندە، مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك: «چىن دىلىدىنمۇ؟... ئازابلىنامدۇ؟ بەك

ياخشى كۆرەمدۇ؟ ... ئازراقمۇ؟...» دېگەندەك سوئاللاردىن بىرىنى سورايدىكەن. كېپىنەكمۇ سوئال سورىغىلى كەپتۇ، ئەمما ئۇ گۈلنىڭ بەرگىسىنى ئۈزمەپتۇ، بەلكى ھەربىر سوئالنى سورىغاندا، ئانتېمىسنىڭ بىر بەرگىسىنى سۆيۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئاق نىيەتلىك بولغاندا ئەڭ ياخشى جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

— سۆيۈملۈك مارگېرىت ئانتېمىس ! — دەپتۇ ئۇ، — سىز گۈللەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئايال ! سىز پال سېلىشنى بىلىسىز! ئېيتىڭا، مەن بىرەرىگە ئېرىشەلەمدىم؟ كىمگە ئېرىشىشىم مۇمكىن؟ شۇنى بىلىۋالسام، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توي تەكلىپى قويغان بولاتتىم !

لېكىن، مارگېرىت جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ئايال» دەپ ئاتىشىنى ياقتۇرمايدىكەن، چۈنكى ئۇ تېخى يۇزى ئېچىلمىغان قىز ئىكەن. كېپىنەك ئىككىنچى قېتىم سوراپتۇ، ئۈچىنچى قېتىممۇ سوراپتۇ، ئەمما بىر ئېغىزمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سوئال سوراشنى قويۇپ، شۇ يەردىن باشلاپلا توي تەكلىپىنى قويۇشنى باشلىۋېتىپتۇ.

بۇ باش ئەتىياز ۋاقتى بولۇپ، ھەممىلا يەردە قار لەيلىسى ۋە زەپەرلەر غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. «ئۇلار بەك ئوماق ! بەئەينى ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى قىزلارغىلا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ كېپىنەك، — لېكىن، بەكلا گۆدەك ئىكەن !» ئۇ بارلىق يىگىتلەرگە ئوخشاش، يېشى سەل چوڭراق قىزنى تاپماقچى ئىكەن. كېپىنەك جەزبۇزارلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، بىراق

ئۇلارنىڭ ئاچچىق پۇرىقى كۆچلۈكرەك ئىكەن. ئۇ باشقا گۈللەرنىڭ قېشىغىمۇ بېرىپ بېقىپتۇ: رۇخسارگۈل بەكرەك ھېسسىياتچان، كۈركۈمگۈل بەكلا چىرايلىق، ئاق نەرگىسگۈل بەكلا مىشچان ئىكەن. لىپا دەرىخىنىڭ چېچەكلىرى بەك كىچىك، ئائىلىسىدىكىلەر بەكلا جىق ئىكەن. ئالما چېچەكلىرى قارىماققا ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بىراق بۇگۈن ئېچىلىپ، ئەتىسىلا شامالدا تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن. كېپىنەك: «بۇنداق نىكاھنىڭ ۋاقتى بەك قىسقا بولۇپ قالامدۇ!» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ كۆك پۇرچاق چېچىكىنى ئۆزىگە ئەڭ لايىق دەپ قاراپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى ھەم قىزىل، ھەم ئاق، ئۆزى مۇلايىم ھەم چىرايلىق ئىكەن، يەنە تېخى ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ قىلالايدىكەن. كېپىنەك ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قوياي دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز نېرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان كۆك پۇرچاقنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇچىدا سولغان بىر چېچەك تۇرغۇدەك.

— ئۇ كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ كېپىنەك.

— ئۇ مېنىڭ ئاچام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۆك پۇرچاق چېچىكى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بىرنەچچە كۈن ئۆتسە، سەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالىدىكەنسەن - دە ! — كېپىنەك ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا شۇنداق دەپتۇ - دە، ئالمان - تالمان ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

چىتلاقتا ئۇچقاتلار ئېسىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇستىدە سوزۇق يۇزلۇك، تېرىسى ساپسېرىق قىزچاقلار كۆپ ئىكەن. لېكىن، كېپىنەك بۇنداق قىزلارنى ياقتۇرمايدىكەن. ئەمىسە، ئۇ نېمىنى ياخشى



كۆر بدىغاندۇ؟

باھار كېتىپتۇ، يازمۇ كېتىپ كۈز كەپتۇ، كېپىنەك تېخىچە لايىق تاللىيالماي يۈرۈپتۇ. گۈللەر ئەڭ گۈزەل لىباسلىرىنى كىيىپتۇ، بىراق بۇنىڭ نېمە پايدىسى، بۇ يەردە باھاردىكىدەك يېگى، گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان باھار پۇرىقى قالماپتۇ. لېكىن، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، كېپىنەكنىڭ خۇش پۇراقتا بولغان ئىنتىزارلىقى كۈچىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پۇرمە يوپۇرماقلىق يېشىل يالپۇزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

«ھازىر ئۇنىڭ چېچىكى قالماپتۇ، ئەمما ئۇ يىلتىزىدىن تارتىپ ئۇچىغىچە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىكەن، ھەربىر يوپۇرمىقىدىمۇ گۈلىنىڭ پۇرىقى بار ئىكەن. مەن ئۇنى ئالسام بولغۇدەك !» دەپ ئويلاپتۇ كېپىنەك ۋە پۇرمە يوپۇرماقلىق يېشىل يالپۇزغا توي تەكلىپى قويۇپتۇ.

پۇرمە يوپۇرماقلىق يېشىل يالپۇز بىرھازاغىچە ئۈندىمەپتۇ، كېيىن ئېغىز ئېچىپ:

— دوست بولۇپ قالساقلا يېتەر! مەن قېرىدىم، سىزمۇ قېرىپ قاپسىز! بىز ھەمراھ بولساق بولىدۇ، توينىڭ گېپىنى قىلىشمايلى. بۇ يېشىمىزدا توي قىلىشنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مەسخىرە قىلىپ يۈرمەيلى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، لايىق ئىزدەش ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتكەچكە، كېپىنەك لايىق تاپالماي، ئادەملەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «قېرى بويتاق» بولۇپ قاپتۇ.

كەچ كۈز پەسلىدە يامغۇر - يېشىن كۆپىيىپتۇ، سوغۇق شامال كۈچىيىپ، سۆگەت ۋە تېرەكلەرنىڭ غازاڭ بولغان يوپۇرماقلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇرۇپتۇ. كېپىنەك تاسادىپىي پۇرسەتتە بىر ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىپ قاپتۇ. مەشتە ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان بولۇپ، ئۆي خۇددى ياز كۈنلىرىدىكىدەك ئىللىق ئىكەن. «بۇ يەردىمۇ ھايات كەچۈرگىلى بولىدىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ كېپىنەك، — بىراق، ھايات كەچۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئاپتاپ، ئەركىنلىك ۋە بىر تال گۈل بولۇشى كېرەك - دە !»

كېپىنەك دېرىزە ئەينىكىگە ئۇرۇلغاندا، بىر كىشى

كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كېپىنەكنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قىممەتلىك بۇيۇملار قۇتىسىغا يىڭنە بىلەن مىخلاپ قويۇپتۇ.

«ئەمدى مېنىڭ گۈللەرنىڭكىدەك غولۇم بار بولدى. لېكىن، بۇ ئازراقمۇ راھەت ئەمەس ئىكەن، خۇددى توي قىلغانغا ئوخشاش چۈشلىپ قالىدىغان گەپكەن!» ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

— بۇ ياخشى تەسەللى ئەمەس! — دەپتۇ تەشتەكتىكى گۈل.

«تەشتەكتىكى گۈلنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ! — دەپ ئويلاپتۇ كېپىنەك، — چۈنكى، ئۇلار ئادەملەر بىلەن بەك كۆپ ئالاقە قىلىدۇ.»



# چار پاقا

بۇرۇنسىدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر قۇدۇق بولغانىكەن. چېلەككە باغلانغان ئارغامچا بەك ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن بولغاچقا، چېلەك قۇدۇق ئاغزىغا يېقىنلاشقاندا، چىغىرىقنى ئايلاندۇرغىلىمۇ بولماي قالىدىكەن. قۇياش قۇدۇقنىڭ ئاستىنى يورۇتالمىغاچقا، قۇدۇق سۈيى ھەرقانچە سۈزۈك بولسىمۇ، قۇياشنىڭ شولىسى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشەلمەيدىكەن. قۇدۇق دىۋارىدىكى تاشلارنىڭ ئارىلىقىنى مۆخ قاپلاپ كەتكەنىكەن.

قۇدۇقتا چار پاقا ئائىلىسىدىكىلەر ياشايدىكەن. ئۇلار سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇلار ياشىنىپ قالغان چار پاقا ئانىغا ئەگىشىپ قۇدۇققا باشچىلاپ چۈشۈپ كەتكەنىكەن. چار

پاقا ئانا هازىرمۇ هايات ئىكەن. ئۇلاردىن بۇرۇن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان پاقىلار چار پاقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن ۋە ئۇلارنى «مېھمان» دەپ ئاتايدىكەن. چار پاقا ئائىلىسىدىكىلەر ئۇزاق مەزگىل قۇدۇق تېگىدە ياشاپ كۆنۈپ كەتكەچكە، بۇ يەر ئۇلارغا تولىمۇ راھەت بىلىنىدىغان بوپتۇ.

بىر قېتىم چار پاقا ئانىنىڭ ساياھەتكە چىقىپ باققۇسى كېلىپ، چېلەك يۇقىرىغا تارتىلغاندا، چېلەككە چۈشۈۋاپتۇ. لېكىن، تالا بەك يورۇق بولغاچقا، قۇياش نۇرى كۆزىگە قادىلىپ قاتتىق ئاغرىتىۋېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ چېلەكتىن سەكرەپ چىقىپ ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۇڭدىسىچە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بېلىنى كۆتۈرەلمەي ئۈچ كۈن يېتىپتۇ. چار پاقا ئانا قۇدۇق ئۈستىدىكى دۇنيا توغرۇلۇق جىق گەپ قىلىپ بېرەلمەيدىكەن، ئەمما قۇدۇقنىڭ ئىچى دۇنيانىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىنى ئۇمۇ، كۆپچىلىكمۇ ئوبدان بىلىدىكەن.

— چار پاقا ئانا بەك سېمىز، بەك سەت، كۆڭۈلنى بەك ئېلەشتۇرىدۇ! — دەيدىكەن پاقىچاقلار، — ئۇنىڭ باللىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھەررەڭ - سەررەڭ.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — دەيدىكەن چار پاقا ئانا، — لېكىن، بىر بالامنىڭ بېشىدا بىباھا بىرلىيانت بار، ئەگەر بۇ بىرلىيانت ئۇنىڭ بېشىدا بولمىغان بولسا، مېنىڭ بېشىمدا بولغان بولاتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاقىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. ئۇلار بۇنداق گەپلەرنى ياقتۇرمايدىكەن، شۇڭا

چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ نېرى كېتىپتۇ. لېكىن، كىچىك چار پاقىلار مەغرۇرلۇق بىلەن ئارقا پۇتلىرىنى سوزۇپ - سوزۇپ قويۇشۇپتۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ بېشىدا برىلىيانت بار دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ئۇلار جايىدىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئانىسىدىن برىلىيانتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سوراشىپتۇ.

— ئۇ بەك چىرايلىق ھەم بەك پۇلغا يارايدىغان نەرسە، — دەپتۇ چار پاقا ئانا، — مەنمۇ ئۇنى سۈپەتلەپ بولالمايمەن. برىلىيانت ئۆزىنى تاقىغان كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، باشقىلار كۆرسە ھەسەت قىلىدىغان نەرسە. ئەمدى زىغىرلاپ سوراۋەرمەڭلار، سورىساڭلارمۇ جاۋاب بەرمەيمەن.

— مېنىڭ برىلىيانتىم يوق ئىكەن، — دەپتۇ ئەڭ كىچىك چار پاقا، ئۇ سەت بولغاندىمۇ بەكلا سەت ئىكەن، — مەن كۆز - كۆز قىلىدىغان ئۇنداق نەرسەمنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن. چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدىغان بولسا، ماڭا كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقا نەرسىنى كەلتۈرمەيدۇ. مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدۇقتىن چىقىپ سىرتقا قاراپ بېقىش. مېنىڭچە، قۇدۇقنىڭ سىرتى چوقۇم بەك چىرايلىق.

— سېنىڭ يەنىلا مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىڭ تۈزۈك، — دەپتۇ چار پاقا ئانا، — سەن ھېلىقى چېلەكتىن ھېزى بول، ئۇ ئۇستۇڭگە چۈشىدىغان بولسا مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىدۇ! ئەگەر راستتىنلا ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ، يىقىلىپ چۈشۈشۈڭ مۇمكىن.

هەممەيلەننىڭ مېنىڭدەك تەلەيلىك بولۇشى ناتايىن، ھېلىمۇ ياخشى، يىقىلىپ چۈشكەندە ئالدى - ئارقا پۇتلىرىم ساق قالدى، تۇخۇملىرىممۇ چېقىلىپ كەتمىدى.

«كۇر - را!» دەپتۇ كىچىك چار پاقا. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ «ۋاي!» دەپ توۋلىغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

نېمىلا دېگەنبىلەن، چار پاقىجاننىڭ قۇدۇق سىرتىنى بەك كۆرۈپ باققۇسى بار ئىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە، لىققىدە سۇ تولغان چېلەك يۇقىرىغا تارتىلغاندا، چار پاقىجان ئولتۇرغان تاشنىڭ ئالدىدا سەل توختاپ قاپتۇ. چار پاقىجان ھاياجىنىنى باسالماي لىككىدە سەكرەپ چېلەككە چۈشۈپ تېگىگە شۇڭغۇپتۇ. چېلەك تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى سۇ تۆكۈۋېتىلىپتۇ.

— ماۋۇ نەسلىكنى كۆرمەمدىغان! — دەپتۇ چېلەكنى تارتىپ چىقارغان يىگىت، — بۇ مەن كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بەتبەشىرە نېمە ئىكەنغۇ!

يىگىت بىرنى تەپمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئەگەر تەپكەن بولسا، چار پاقىجاننىڭ ناكار بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىكەن. لېكىن، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئېگىز ئۆسكەن چاققاقئوتلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىپتۇ. ئۇ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ يۇقىرىغا قاراپتۇ. چاققاقئوتنىڭ يوپۇرماقلىرىغا چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇلارنى سۇزۇك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. بۇ خۇددى بىز ئىنسانلار ئورمانلىققا كىرگەندە، قۇياش نۇرىنىڭ دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرىغا

چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندىكىگە ئوخشاش ئىكەن.

«بۇ يەر قۇدۇق ئىچىدىن كۆپ ياخشى ئىكەن! مېنىڭ بۇ يەردە ياشىغۇم بار» دەپتۇ چار پاقىجان. ئۇ چاققاقئوتلارنىڭ ئارىسىدا بىر سائەت ئولتۇرۇپتۇ، ئىككى سائەت ئولتۇرۇپتۇ. «سىرت قانداقراقتۇ؟ بۇنچە يىراق يەرگە كەلگەندىكىن، يەنىمۇ يىراقلارغا بېرىپ باقمايمەنمۇ!» دەپتۇ چار پاقىجان ۋە ئۆمىلە - ئۆمىلە يول بويىغا كەپتۇ. ئۇ يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا، قۇياش ئۇنى يورۇتۇپتۇ، توپا - توزانلار ئۇنىڭغا قونۇپتۇ.

«مانا ئەمدى ھەقىقىي قۇرۇق يەرگە كەپتىمەن، — دەپتۇ چار پاقىجان، — خېلى ئامىتىم بار ئىكەن، پۈتۈن بەدىنىم راھەتلىنىپ قالدى!»

ئارقىدىن، ئۇ يول بويىدىكى يارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ يەرنى بوتاكۆزگۈل ۋە تېۋىلغىلار قاپلاپ كەتكەنىكەن. يان تەرىپىدە بوزۇن ۋە دولانىلار تۇتىشىپ چىتلاق ھاسىل قىلغانىكەن. چار پاقىجان بۇ يەردە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر كېپىنەكنى كۆرۈپ، ماڭا ئوخشاش دۇنيانى تېخىمۇ ئوبدانىراق كۆرۈپ باقاي دەپ شېخىدىن ئاجرىغان گۈل ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ.

«ئەگەر مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچۇپ ھەممە يەرنى ئايلىنىپ كەلگەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!» دەپ ئويلاپتۇ چار پاقىجان.

چار پاقىجان يارنىڭ يېنىدا سەككىز كېچە - كۈندۈز تۇرۇپتۇ. توققۇزىنچى كۈنى، ئۇ: «يەنە ئالدىمغا مېڭىپ باقاي!» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىدىنمۇ گۈزەل يەنە قانداق نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن؟ بەلكىم بىرەر كىچىك چار پاقا ياكى بىرنەچچە



پاقا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. تۇنۇگۈن كېچە ئۇ «قېرىنداش»لىرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىكەن.

«ھايات ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن! قۇدۇقتىن چىقىپ چاققاقئوتلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالدىم. توپا - چاڭ ئۇچۇپ تۇرغان يولدىن ئۆتۈپ، نەم يارغا بېرىپ ئارام ئالدىم. مېنىڭچە، بۇ يېتەرلىك ئەمەس، مەن يەنە ئالدىمغا ماڭاي، پاقىمۇ ياكى بىرەر چار پاقىمۇ ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، تەبىئەتلا بولسا يېتەرلىك بولمايدۇ، يەنە بۇلارمۇ بولۇشى كېرەك.» شۇنىڭ بىلەن، چار پاقىجان يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇ ئېتىزلىقتىكى بىر كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ. كۆلچەك ئەتراپىدا پىلىكئوتلار ئۆسۈپ كەتكەنىكەن. چار پاقىجان يېقىن بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ.

— بۇ يەر سېنىڭ ئۇچۇن بەك نەم بىلىنىپ قالارمىكىن، — دەپتۇ پاقىلار، — لېكىن، بىز سېنى قىزغىن قارشى ئالىمىز! سەن ئەپەندىمۇ ياكى خانىممۇ؟ بىراق، مەيلى ئەر ياكى ئايال بول، بىز ئوخشاشلا قارشى ئالىمىز.

ئارقىدىن، چار پاقىجان ئائىلە مۇزىكا كەچلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. مۇزىكا كەچلىكى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھېچنېمە تىزىلماپتۇ، ئۇلار ئۇسسۇلۇقنى خالىغانچە ئىچسە بولىدىكەن، ئەگەر بىڭسى بولسا پۈتۈن كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەتسىمۇ مەيلى ئىكەن.

— مەن داۋاملىق ئالدىمغا مېڭىشىم كېرەك! — دەپتۇ چار پاقىجان. ئۇ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

ئۇ جىمىرلىغان يۇلتۇزلارنى، يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ يەنە قۇياشنىڭ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشىنىمۇ كۆرۈپتۇ.

«مەن يەنىلا قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك قىلىمەن. بۇ قۇدۇق بۇرۇنقىدىن چوڭراق ئىكەن. چوقۇم بۇ قۇدۇقتىنمۇ چىقىپ بېقىشىم كېرەك! — ئاي تولغان كېچىسى بۇ بىچارە جانىۋار شۇنداق دەپ ئويلاپتۇ، — تولۇن ئايمۇ قۇدۇققا سېلىنغان چېلەك بولۇشى، ئۇنىڭغا چۈشسەم، تېخىمۇ يۇقىرىغا چىقالىشىم مۇمكىن. مېنىڭچە، قۇياشمۇ بىر چوڭ چېلەك. ئۇ بەك چوڭ، بەك يورۇق ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەممىمىز سىغىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مەن چوقۇم پۇرسەت كۈتەي! قاراڭلار، بېشىم نېمانچە چاقنايدۇ، ئەگەر بىرى ماڭا، بىرلىيانت

بېشىڭدىنمۇ بەكىرەك چاقنايدۇ دېسە، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. گەرچە مەن بىرلىيانتىم بولمىسىمۇ، بۇنى دەپ ياش تۆكۈپ يۈرمەيمەن. مەن تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ يورۇقلۇق ۋە خۇشاللىق ئىچىگە بېرىشىم كېرەك ! بۇ قەدەمنى بېسىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، ئەمما بۇ قەدەمنى باسماي قويمايمەن !»

چار پاقىجان داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، بىر ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا، ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. يول بويىدا باغچە ۋە كۆكتاتلىق بار ئىكەن، ئۇ كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدا ئارام ئاپتۇ.

«بۇ يەردە مەن بىلمەيدىغان جانىۋارلاردىن بىرمۇنچىسى بار ئىكەنغۇ! دۇنيا نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر كۆڭۈللۈك - ھە ! لېكىن، مەن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆرۈپ بېقىشىم كېرەك، بىر يەردە تۇرىۋەرسەم بولمايدۇ.» شۇنىڭ بىلەن، چار پاقىجان كۆكتاتلىققا تاقلاپ چۈشۈپتۇ. «پاھ، نېمىدېگەن يېشىلچىلىق بۇ، نېمىدېگەن چىرايلىق يەر بۇ!»

— بۇنى سېنىڭدىنمۇ ئوبدان بىلىمەن! — دەپتۇ گۈل كاپۇستا يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدىكى تۇكلۈك قۇرت، — بۇ يەردە مېنىڭ يوپۇرمىقىم ھەممىدىن چوڭ! ئۇ دۇنيانىڭ يېرىمىنى يېپىپ تۇرىدۇ، بىراق دۇنيانىڭ يېرىمىنى ياپالمىغان تەقدىردىمۇ، پەرۋايىم پەلەك !

«كۈرۈك - كۈرۈك !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن بىرنەچچە مېكىيان يېتىپ كەپتۇ. ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى يېقىننى كۆرەلمەيدىكەن، ئۇ گۈل كاپۇستا

يوپۇرمىقىدىكى تۇكلۇك قۇرتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى بىر چوقۇپتۇ. يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تۇكلۇك قۇرت تۇگۇلۇۋاپتۇ. مېكىيان ئاۋۋال بىر كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپتۇ، ئارقىدىن يەنە بىر كۆزى بىلەن قاراپتۇ، چۈنكى ئۇ تۇگۇلۇۋالغان بۇ نەرسىنىڭ قانداق ھۈنەر ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

«چوقۇم ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس!» دەپ ئويلاپتۇ مېكىيان ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر چوقۇپتۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن چار پاقىجان مېكىيانغا ئېتىلىپتۇ.

— ۋاھ، ئۇنىڭ ياردەمچىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ تېخى! — دەپتۇ مېكىيان، — بۇ سەتنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قارىمامدىغان! بىر چىشلەممۇ چىقمايدىغان ئۇنداق يېشىل يېمەكلىكنى كۆپ كۆرگەنمەن، ئۇ گېلىمنى قىچىشتۇرۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ!

مېكىيان غوتۇلدىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ، باشقا مېكىيانلارمۇ ئوخشاش قاراشتا ئىكەن، شۇڭا ئۇلارمۇ كېتىپتۇ.

— بىر تولغىنىپ، بىر تۇگۇلۈپ يۇرۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم، — دەپتۇ تۇكلۇك قۇرت، — ئۆزۈڭگە خاس ئۇسۇلۇڭ بولسا بەك ياخشى بولىدۇ. لېكىن، ئىشنىڭ ئەڭ قىيىنى تېخى كەينىدە، مەن قانداق قىلسام گۈل كاپۇستىنىڭ يوپۇرمىقىغا قايتىپ بارالايمەن، ئۇ نەدە؟

چار پاقىجان ئۆمىلەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بەتبەشىرىلىكى بىلەن مېكىياننى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەن.

— سەن نېمە دېمەكچى؟ — دەپتۇ تۈكلۈك قۇرت، — سەن تۈگۈلۈشۈمگە تايىنىپ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىمنى ئېنىق بىلىسەن. ساڭا قارىسا ئادەم بەك بىئارام بولۇپ كېتىدىكەن. مېنىڭ ئۆز ماكانىمدا يالغۇز تۇرۇشۇمغا يول قويىدىغانسەن؟ شۇ تاپتا گۈل كاپۇستىنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى مەن يوپۇرمىقىمنىڭ ئۇستىگە بېرىۋالاي! ئۆزىنىڭ ماكانىدا تۇرۇشتىنمۇ گۈزەل ئىش يوق دۇنيادا. لېكىن، مەن تېخىمۇ ئېگىزرەككە يامىشىپ چىقىشىم كېرەك!

«شۇنداق، تېخىمۇ ئېگىزگە چىقىش كېرەك! — دەپ ئويلاپتۇ چار پاقىجان، — ئۇنىڭ تەسىراتىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. لېكىن، قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، كەيپىياتى ناچار تۇرىدۇ... ئىككىمىزلا تېخىمۇ ئېگىزرەككە چىقىشىمىز كېرەك!» شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە كۆچەپ يۇقىرىغا قاراپتۇ.

بۇ چاغدا، دېھقانىنىڭ ئۆگزىگە سېلىۋالغان ئۇۋىسىدا تۇرغان لەيلەك ئانا لەيلەك بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقانىكەن.

«ئۇلار شۇنچە ئېگىزدە تۇرىدىكەن - دە! — دەپ ئويلاپتۇ چار پاقىجان، — ئۇلار شۇنچە ئېگىزگە چىقالايدىكەن!»

دېھقانىنىڭ تۇرالغۇسىدا ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى شائىر ئىكەن، يەنە بىرى تەبىئىي پەننى تەتقىق قىلىدىكەن. بىرى قىسقا، مول مەزمۇنلۇق، تىلى راۋان شېئىرلىرى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ جىمى مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقىنى مەدھىيىلەيدىكەن ۋە قەلبىدىكى تەسىراتلىرىنى بايان

قىلىدىكەن، يەنە بىرى شەيئىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ھەپىلىشىدىكەن، زۆرۈر تېپىلسا ئۇلارنى ئاناتومىيىلىك ئانالىز قىلىدىكەن. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىر ماتېماتىكىلىق مەسىلە سۈپىتىدە قاراپ، دەم ئالىدىكەن، دەم كۆپەيتىدىكەن، يەنە بۇ مەسىلىنى پىششىق يادلىۋالىدىكەن، ئاندىن كېيىن ئاقىلانە سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرىدىكەن. ئۇ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇپ، شەيئىلەر ھەققىدە كۆڭۈللۈك، ئاقىلانە سۆزلەرنى قىلالايدىكەن.

— ئاۋۇ يەردە تۇرغان چار پاقىنىڭ مۇكەممەل ئەۋرىشكىسىگە قارىغىنا! — دەپتۇ تەبىئىي پەننى تەتقىق قىلغۇچى، — مەن ئۇنى ئىسپىرتقا چىلاپ قوياي دەيمەن!

— سېنىڭدە ئىككىسى بارغۇ؟ — دەپتۇ شائىر، — ئۇنى تىنچ قوي، تۇرمۇشتىن لەززەت ئالسۇن.

— ئۇ بەتبەشىرە بولغىنى بىلەن، يەنىلا ئۇماق ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— توغرا، ئەگەر ئۇنىڭ بېشىدىن برىلىيانت تاپقىلى بولىدىغان بولسا، سېنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى يېرىپ باققان بولاتتىم، — دەپتۇ شائىر.

— برىلىيانت! — دەپتۇ يەنە بىرى، — سەن تەبىئەت تارىخىنى ئوبدان بىلىدىكەنسەن!

— دېگىنىم خاتا ئەمەستۇ؟ خەلق ئارىسىدا شۇنداق چىرايلىق گەپ بار ئىكەنغۇ؟ ئەڭ سەت چار پاقىنىڭ بېشىدا ئەڭ قىممەتلىك برىلىيانت بولارمىش.

ئىككى دوست پاراڭلاشقاچ كېتىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چار پاقىجان ئىسپىرتقا چىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.



بۇ چاغدا، دېھقاننىڭ ئۆگزىسىدىن ئاتا لەيلەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ كۆكتاتلىقتىكى ئىككى يىگىتكە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە سۆزلەۋاتقانىكەن.

— ئادەم ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان مەخلۇق! ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېلىپ بېقىڭلار! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆزلەش ماھارىتىنى، تىلىنى بازارغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىغۇ ھەقىقەتەن يامان ئەمەس، لېكىن بىرەر كۈن سەپەر قىلساقلا، ئىنسانلارنىڭ تىلىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىمىز. چۈنكى، ئۇ ياقتىكى ئىنسانلار بۇ ياقتىكى ئىنسانلارنىڭ گېپىنى ئۇقمايدۇ! بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئۇ ئادەم ئۇقمايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ تىلىمىزنى پۈتۈن دۇنيادىكى

لەيلەكلەر ئۇقىدۇ، نورۋېگىيىدىكىلەرمۇ، مىسىردىكىلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇقىدۇ. ئىنسانلار ئۇچۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان بىر نەرسىگە ئولتۇرۇپ يول ماڭىدۇ، ئۇلار بۇنى «تۆمۈريول» دەيدۇ، لېكىن پات - پات تۆمۈريولنىڭمۇ بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بۇلارنى ئويلىساملا ئىختىيارسىز غوتۇلدىغۇم كېلىپ كېتىدۇ، دۇنيادا ئىنسانلار بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، بىزگە پاقا، سازاڭ دېگەنلەر بولسىلا يېتىدۇ!

«بۇ ھەقىقەتەن ئېسىل نۇتۇق بولدى! — دەپ ئويلاپتۇ چار پاقىجان، — ئۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە! قارا، ئۇنىڭ شۇنچە ئېگىزدە ئولتۇرغىنىنىغا! مەن بىرەرسىنىڭ بۇنچە ئېگىز ئولتۇرغانلىقىنى تېخى كۆرۈپ باققىنىم يوق.»

چار پاقىجان ئاتا لەيلەكنىڭ قانات كېرىپ كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىنى كۆرگىنىدە:

— ئوھوي، ئۇنىڭ ئۈزۈشى نېمىدېگەن قالتىس! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ.

ئانا لەيلەك بالىلىرىغا مىسىر، نىل دەرياسى ھەققىدە، چەت ئەللەردىكى تەڭداشسىز گۈزەل پاتقاقلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. چار پاقىجان ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە يېڭىلىق، شۇنچە قىزىقارلىق بىلىنىپتۇ.

— مىسىرغا بارسام بولغۇدەك! — دەپتۇ ئۇ، — لەيلەكلەر ئالغاچ بارسا ياخشى بولاتتى، بالىلىرى توي قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە قارىشىپ، ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم. شۇنداق، مەن

مىسىرغا بېرىشىم كېرەك. مېنىڭدىكى بۇ ئارزۇ ۋە قىزىقىش كاللامدىكى بىرلىيانتتىنمۇ ياخشىراق.

چار پاقىجاننىڭ كاللىسىدا راستتىنلا چەكسىز ئارزۇ ۋە قىزىقىش، توختىماي يۇقىرى ئۆرلەشتىن ئىبارەت بىباھا بىرلىيانت بار ئىكەن. بۇ بىرلىيانت ئۇنىڭ كاللىسىدا پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن.

توساتتىن بىر لەيلەك چار پاقىجاننىڭ چۆپلۈكتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، پەسكە ئۇقتەك شۇڭغۇپتۇ ـ دە، قىلچە قورۇنماي ئۇنى «كاپپىدە» چىشلەپتۇ، ئاندىن ئۇنى مەھكەم چىشلىگىنىچە غۇيۇلداپ ئۇچۇپتۇ. چار پاقىجان بەك قىينىلىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇ ئاخىر كۆككە چىقىپ مىسىرغا قاراپ ئۇچۇپتۇ، شۇڭا، كۆزلىرىدىن خۇددى ئوت ئۇچقۇنىدەك نۇر ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

«كۇر ـ را!»

چار پاقىجان لەيلەكنىڭ ئاغزىدا ئۆلۈپتۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ھېلىقى ئوت ئۇچقۇنى نەگە كەتكەندۇ؟

قۇياش نۇرى بۇ ئۇچقۇننى سۈمۈرۈۋاپتۇ. قۇياش نۇرى چار پاقىجاننىڭ كاللىسىدىكى بىرلىيانتنى ئېلىپ كېتىپتۇ، لېكىن نەگە ئېلىپ كەتكەندۇ؟

سىزنىڭ بۇنى تەبىئىي پەننى تەتقىق قىلىدىغان يىگىتتىن سورىماي، شائىردىن سورىغىنىڭىز تۈزۈك. شائىر چار پاقىجاننىڭ ئىشلىرىنى چۆچەك قىلىپ سىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، چۆچەكتە تۆكلۈك قۇرت، لەيلەك ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بار بولىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، تۆكلۈك قۇرت شەكىل ئۆزگەرتىپ، چىرايلىق

كېپىنەككە ئايلانغان ! لەيلەك ئائىلىسىدىكىلەر نۇرغۇن تاغ ـ دەريالار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يىراقتىكى ئافرىقىغا بارغان، لېكىن ئۇلار دانىيىگە، ئوخشاش بىر يەرگە، ئوخشاش بىر ئۆگزىگە قايتىپ كەلگىلى بولىدىغان ئەڭ قىسقا يولنى بىلىدۇ!

لېكىن، چار پاقىجاننىڭ كاللىسىدىكى بىرلىيانت نەگە كەتكەندۇ؟

بۇنى قۇياشتىن سوراپ بېقىڭ، قېنى، شۇنداق قىلالامسىزكىن !

يورۇقلۇق كۆزنى روشەن قىلىدۇ، بىراق بىزدە تېخى بىر جۈپ كۆز كەم، بۇ بىر جۈپ كۆز بىلەن پەرۋەردىگار ياراتقان بارلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيمىز. بىز بۇ كۆزلەرگە ئىگە بولالايمىز، ئۇلار دەل ئەڭ گۈزەل چۆچەكلەردۇر!



# پۇرۇچلار

زاۋۇتنىڭ سىرتىدا جاي ـ جايلاردىن يىغىلىۋېلىنغان پۇرۇچلار يىغىلىپ ئېگىز ـ ئېگىز دۆۋىلەرنى ھاسىل قىلغانىكەن. ھەربىر پۇرۇچنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى بار ئىكەن، ھەربىرى ئۆزىنىڭ تارىخىنى سۆزلەيدىكەن، ئەمما ھەممىسىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بەزى پۇرۇچلار ئىلىمىزدە ئىشلەپ چىقىرىلغان، بەزىلىرى چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. بۇ ياقتا دانىيىنىڭ پۇرۇچلىرى بولسا، ئۇ ياقتا نورۋېگىيىنىڭ پۇرۇچلىرى بار ئىكەن. بىرى تەلتۆكۈس دانىيىنىڭ مىلى بولسا، يەنە بىرى نورۋېگىيىنىڭ جىڭ مىلى ئىكەن. قائىدە ئۇقىدىغان ھەرقانداق نورۋېگىيىلىك ۋە دانىيىلىك بۇ ئەھۋالنى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق دەيدىكەن.



نورۋېگىيىلىك پۇرۇچ ئىككىمىزنىڭ تىل پەرقى خۇددى فرانسۇز تىلى بىلەن ئىبراي تىلىغا ئوخشاش بەك پەرقلىنىدۇ دېسىمۇ، ئىككى پۇرۇچنىڭ تىلى ئوخشاش ئىكەن①. ئۇلار توختىماي پاراڭلىشىدىكەن، سۆزلىشىۋاتقانلىرى كونىراپ كەتكەن قۇرۇق گەپلەر بولسىمۇ، يەنىلا پاراڭلىشىۋېرىدىكەن. پاراڭ پۇرۇچ دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە بارغاندا، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئازراق تەم كىرىدىكەن.

— مەن نورۋېگىيىلىك! — دەيدىكەن نورۋېگىيىلىك پۇرۇچ، — مېنىڭ ھەربىر تالايىم خۇددى نورۋېگىيىدىكى قەدىمىي قىيا تاشلاردەك بەك

① سكاندىناۋىيىدىكى ئۈچ دۆلەت (دانىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە)نىڭ تىلى ئەسلىدە ئوخشاش مەنبەدىن كەلگەن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي پەرقلەر پەيدا بولغان، بىراق ئۈچ دۆلەتنىڭ تىلى يەنىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مۇستەھكەم. دۆلىتىمىزنىڭ ئەركىن ئامېرىكىنىڭكىدەك ئاساسىي قانۇنى بار! ئۆز سالاھىيىتىم، ئۆز ئىدىيەمنى خىيالىمغا كەلتۈرسەملا، ئۇلارنى مەردانە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىيەلەيمەن، مېنىڭ ھەربىر تالايىممۇ ئۆزلىرىنى شۇ قەدەر ئەركىن ھېس قىلىدۇ.

— لېكىن، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز بار! — دەپتۇ دانىيىلىك پۇرۇچ، — سەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ نورۋېگىيىلىك پۇرۇچ، — تۇزلەڭلىك بۇرادەر، ئەگەر مەن دانىيە ئەدەبىياتىنى تاغنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ چىقسام، شىمالىي قۇتۇپ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ كۆرەمدىم؟ مۇز پارچىلىرى نورۋېگىيىنىڭ قۇياش نۇرىدا ئېرىگەندە، دانىيىنىڭ ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى كېمىلىرى سېرىقماي ۋە پىشلاق بېسىپ كېلىدۇ. سېرىقماي، پىشلاق دېگەنلەرغۇ ھەرھالدا يېيىشلىك نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ! ئۇلار بىلەن بىللە دانىيە ئەدەبىياتىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس! سۇپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرغان جايدا، كىمنىڭمۇ كۆڭلى پىۋىنى خالىسۇن! بىزدە تېخى ئېچىلمىغان، گېزىتتە تەشۋىق قىلىنمىغان ئاجايىپ بىر بۇلاق بار. شۇڭا، چەت ئەللىك دوستلار ۋە يازغۇچىلار ئۇنىڭ تەرىپىنى ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كېتىپ ياۋروپادا داڭقىنى چىقارغۇدەك بولمىدى. بۇ مېنىڭ چىن كۆڭلۇمدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر. دانىيىلىك دوستلار راست گەپنى ئاڭلاشقا ئادەتلىنىشى كېرەك، ئۇلار سكاندىنوۋىيە چوڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغاندىكىن، بىزنىڭ مەغرۇر تاغلىق

دۆلىتىمىزگە، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى تاش تاغقا كەلسە، بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

— بىز دانىيىلىك پۇرۇچلار بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز قىلالمايمىز، — دەپتۇ دانىيىلىك پۇرۇچ، — بۇ بىزنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتىمىز ئەمەس. مەن ئۆزۈمنى چۈشىنىمەن، ئۆزۈمگە ئوخشاش ئاۋۇ پۇرۇچلارنىمۇ چۈشىنىمەن. بىز ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، ئىنتايىن كەمتەر، بىز ئۆزىمىزنى ئەرزىمەس دەپ ھېس قىلىمىز. بۇ ھەقىقەتەن ھېچقانداق ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، بىراق مەن مۇشۇنداق قىلىشنى ياقتۇرىمەن. سائەت شۇنى دەپ قوياي، مەن ئارتۇقچىلىقلىرىمنى تولۇق بىلىمەن، ئەمما بۇنىڭ گېپىنى قىلمايمەن، بۇنداق قىلغانلىقىمنى ھېچكىممۇ ئەيىبلىمەيدۇ. مەن بەك مۇلايىم، بەك رايىش. ھەرقانداق ئىش بولسا، يول قويىمەن، ھەرقانداق كىشىگە ھەسەت قىلمايمەن، باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىمەن، مەيلى ئۇلارنىڭ تىلغا ئالغۇدەك ياخشى تەرىپى بولمىسىمۇ، شۇنداق قىلىمەن!

— تۇزلەڭ دۆلەتنىڭ بۇنداق يۇمشاق تىلى بىلەن ماڭا گەپ قىلما، ئاڭلىسامىلا كۆڭلۈم ئېلىشىدىكەن! — دەپتۇ نورۋېگىيىلىك پۇرۇچ.

كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىككىسىدىنلا قەغەز ئىشلەپ چىقىرىلىپتۇ. قالتىس بولغىنى، نورۋېگىيىلىك پۇرۇچتىن ئىشلەنگەن قەغەزگە ئەڭ سەممىي سۆزلەرگە تولغان مۇھەببەت خېتى يېزىلىپ، دانىيىلىك بىر قىزغا ئەۋەتىلىپتۇ. دانىيىلىك پۇرۇچتىن ئىشلەنگەن قەغەزگە نورۋېگىيىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بىر

پارچە شېئىر يېزىلىپتۇ.

پورۇچ دۈۋىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پورۇچلار كۆڭۈل قويۇپ ئۆزگەرتىلىپ مەلۇم خىل ياخشى نەرسىلەرگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇق چۈشىنىپتۇ ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بەختلىك سېزىشىپتۇ.



# كىم ئەڭ بەختلىك

— نېمىدېگەن چىرايلىق قىزىلگۈل - ھە ! — دەپتۇ ئاپتاپ، — ھەربىر غۇنچىسى ئوخشاشلا چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ باللىرىم ! مېنىڭ سۆيۈشۈم ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان !

— ئۇلار مېنىڭ باللىرىم ! — دەپتۇ شەبنەم، — مەن ئۇلارنى يېشىم بىلەن پەرۋىش قىلىپ شۇ ھالغا كەلتۈردۈم.

— لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ئانىسى دەپ بىلىمەن ! — دەپتۇ قىزىلگۈل چىتلىقى، — سىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ تەربىيىچى ئاتىسى، تەربىيىچى ئانىسى. قىزىلگۈلگە ئىسىم قويىدىغان چاغدا، سىلەر ئۆز قابىلىيىتىڭلار ۋە ياخشى نىيىتىڭلار بىلەن ئازراق سوۋغات بەردىڭلار شۇ !



— مېنىڭ ئوماق قىزىلگۈل بالىلىرىم! — دەپتۇ ئۈچىسى تەڭلا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەربىر قىزىلگۈلگە ئەڭ زور بەخت تىلەپتۇ. لېكىن، تەقدىر ئۇلارنىڭ بىر تېلىنىڭ ئەڭ بەختلىك بولۇشى، بىر تېلىنىڭ ئەڭ ئاز بەختكە ئېرىشىشىنى پۈتكەنىكەن. ئۇنداقتا، كىم ئەڭ بەختلىك بولۇشى كېرەك؟

— بۇنى مەن بىلەلەيمەن! — دەپتۇ شامال، — مېنىڭ دۇنيادا بارمىغان يېرىم يوق، ھەتتا كىچىككىنە يوچۇققىمۇ كىرەلەيمەن، مەن ھەرقانداق ئىشنى ناھايىتى

ئېنىق بىلىمەن.
ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنىڭ ھەممىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلارمۇ بۇ گەپلەرنى ھېس قىلىشىپتۇ.
بۇ چاغدا، چىرايىدىن قايغۇ - ھەسرەت ئالامىتى چىقىپ تۇرغان قارا كىيىملىك بىر ئايال گۈللۈكتىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ يېرىم ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ گۈلنى تىپتىنچ، جىمجىت، كىچىككىنە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇنىڭ سەبىي، شوخ قىزى بۇ يەردە چېپىپ يۈرەتتىكەن، ئەمدىلىكتە ئۇ قارا رەڭلىك جەسەت ساندۇقىدا ئۇيقۇدىكى مەرمەر ھەيكەلدەك ياتماقتىكەن. ئانا تۇگەپ كەتكەن قىزىنى سۆيۈپتۇ، ئاندىن قولىدىكى قىزىلگۈلنى سۆيۈپ قىزىنىڭ كۆكسىگە قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە ئۆزىنىڭ سۆيۈشى بىلەن قىزىنىڭ يۈرىكى قايتىدىن سوقىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىپتۇ.
شۇ ئەسنادا، بۇ قىزىلگۈلگە كۈچ كىرگەندەك، ھەربىر بەرگى گۈزەل ئەسلىمە ۋە شادلىقتىن لەرزىگە كەلگەندەك بوپتۇ: «كىشىلەر ماڭا مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ ئىستىقبالىنى بېرىپتۇ! مەن ئىنسانلارنىڭ بالىسىغا ئايلىنىپ، بىر ئانىنىڭ سۆيۈشىگە، ياخشى تىلىكىگە نائىل بولدۇم، ئەمدى مەن چۈشىنىكسىز بىر دۇنياغا كىرىپ، تۇگەپ كەتكەن قىزچاقنىڭ مەيدىسىدە چۈش كۆرىدىغان بولدۇم! روشەنكى، مەن قېرىنداشلارنىڭ ئەڭ بەختلىكى بولدۇم!»
گۈللەرنىڭ ئارىسىغا ئۆسكەن ياۋا گۈللەرنى

ئوتايدىغان ياشانغان گۈلچى خانىم قىزىلگۈللەر ئۆسكەن جايغا كەپتۇ. ئۇ قىزىلگۈللەردىن ھاسىل بولغان گۈزەل مەنزىرىگە زوق بىلەن قاراپتۇ، كېيىن نەزىرى تولۇق ئېچىلغان ئەڭ چوڭ قىزىلگۈلگە چۈشۈپتۇ. يەنە بىر قېتىم شەبنەم چۈشسە، يەنە بىر ئىللىق كۈننى ئۆتكۈزسە، بۇ گۈلنىڭ بەرگىلىرى چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتكەن خانىم ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ قەغەز خالتىغا سېپتۇ. خانىم ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ باشقا گۈللەرگە قوشۇپ ئەتىر ياسىماقچى، ئاندىن ئۇنىڭغا لاۋاندا دەپ ئاتىلىدىغان خۇش پۇراق ئوتنى ۋە ئاچچىق تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىلگۈلدىلا بولىدىغان پۇراققا ئىگە، پادىشاھلارلا ئىشلىتىدىغان خۇش پۇراق مەلھەم تەييارلىماقچى بوپتۇ.

— بۇ نەقەدەر شەرەپلىك - ھە! — دەپتۇ ھېلىقى قىزىلگۈل ئۆزىنى ياشانغان خانىم ئۈزۈۋاتقاندا، — مەن ئەڭ بەختلىك، مەن خۇش پۇراق مەلھەمگە ئايلىنىدىغان بولدۇم!

ئىككى يىگىت گۈللۈككە كەپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى رەسسام، بىرى شائىر ئىكەن. ئۇلار بىر تالدىن ئەڭ چىرايلىق قىزىلگۈلنى ئۈزۈپتۇ.

رەسسام سۇرۇپقا تولۇق ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى سىزىپتۇ. بۇ قىزىلگۈل بۇ رەسىمنى ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى شولىسى دەپ قاپتۇ.

— مانا ئەمدى رەسىمدىكى قىزىلگۈل ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدا ھايات ياشايدۇ، بۇ جەرياندا مىليونلىغان قىزىلگۈللەر سولىشىپ توگەپ كېتىدۇ! — دەپتۇ رەسسام.

— مەن ئەڭ قەدىرلەندىم ! — دەپتۇ رەسىمى سىزىلغان قىزىلگۈل، — مەن ئەڭ زور بەختكە ئېرىشتىم.

شائىر قولىدىكى قىزىلگۈلگە قاراپ، ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان بىر ئېسىل شېئىرنى يېزىپتۇ. ئۇنىڭ ھەربىر گۈل بەرگىدىن ئىلھام ئېلىپ يازغان «مۇھەببەت ئالبومى» ناملىق بۇ شېئىرى ھەقىقەتەن ئۆلمەس ئەسەر بوپتۇ.

— مەن شېئىر بىلەن بىللە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بولدۇم، — دەپتۇ شېئىردا مەدھىيىلەنگەن قىزىلگۈل، — مەن ئەڭ بەختلىك ئىكەنمەن !

لېكىن، قويۇق قىزىلگۈللەر ئارىسىدا باشقا گۈللەر يېپىۋالغان بىر قىزىلگۈل بار ئىكەن. تاسادىپىيلىقتىنمۇ ياكى تەلەيسىزلىكىدىنمۇ، ئۇنىڭ بىر يېتەرسىزلىكى بار ئىكەن، يەنى ئۇنىڭ غولى ئەگرى ئىكەن، يەنە كېلىپ بۇ تەرەپتىكى بەرگلىرى بىلەن ئۇ تەرەپتىكى بەرگلىرى ماس كەلمەيدىكەن، يەنە تېخى گۈلنىڭ مەركىزىدە يېشىل بەرگىدەك بىرنەرسە بار ئىكەن.

— بىچارە بالا ! — دەپتۇ شامال ۋە بۇ قىزىلگۈلنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ. قىزىلگۈل ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى مېنىڭدىن ئەھۋال سورىغانلىقى، مېنى ماختىغىنى دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل سېزىم پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىدە يېشىل بەرگلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئابروي دەپ بىلىپتۇ. بىر كېپىنەك ئۇنىڭغا قونۇپ بەرگلىرىنى سۆيۈپتۇ، بۇ بىر خىل توي تەكلىپى ئىكەن. لېكىن، ئۇ كېپىنەكنى

كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ناھايىتى قوپال بىر چېكەتكە كېلىپ يەنە بىر قىزىلگۈلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپتۇ، بۇ ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى ئىكەن. يېشىل بەرگى بار ھېلىقى ئۆزگىچە قىزىلگۈل بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپتۇ، چۈنكى چېكەتكە ئۇنىڭغا قاراپ: «مەن سېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرۈپ قالدىمكى، بىراقلا يۇتۇۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ!» دەۋاتقاندەك قىپتۇ. لېكىن، قىزىلگۈل تاقلاپ يۈرىدىغان بۇ نەرسىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كېتىشنى خالىماپتۇ.

يۇلتۇزلار چاراقلىغان كېچىدە بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراپتۇ.

«ئۇ مەن ئۈچۈنلا سايراۋاتىدۇ! — دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى قىزىلگۈل، — نېمە ئۈچۈن مەن ھەر جەھەتتىن ئاچا - سىڭىللىرىمغا ئوخشىمايدىغاندىمەن؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئالاھىدىلىكىم بىلەن ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئۆزگىچە گۈل بولۇپ قالغاندىمەن؟»

تاماكا چېكىدىغان ئىككى ئەپەندى گۈللۈككە كەپتۇ. ئۇلار قىزىلگۈل بىلەن تاماكا توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قاپتۇ. «قىزىلگۈلدىن تاماكا ياسىغىلى بولمايدۇ، ئىس ئۇلارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ يېشىل رەڭگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ، بۇنى سىناپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ» دېيىشىپتۇ ئۇلار، لېكىن تاماكىسىنى ئەڭ چىرايلىق قىزىلگۈلگە تاشلاشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېلىقى يېشىل بەرگى بار گۈلگە تاشلاپتۇ.

— يەنە يېڭى شەرەپكە ئېرىشتىم! — دەپتۇ قىزىلگۈل، — مەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىكەنمەن! بەك بەختلىك ئىكەنمەن!

بۇ قىزىلگۈل ھېلىقى كىشىلەرنىڭ قەستەن تاماكا تاشلىشى بىلەن يېشىل رەڭگە كىرىپ قاپتۇ.

غۇنچىلىغان بىر قىزىلگۈل بار ئىكەن. ئۇ قىزىلگۈللەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولسا كېرەك، باغۋەن ئۇنى گۈلدەستىنىڭ كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان يېرىگە سانجىپ قويۇپتۇ. ئۇ ياش خوجايىنىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەيتونغا چۈشۈپتۇ. خوجايىن ئۇنى كۆتۈرۈپ تىياتىرخانىغا بېرىپتۇ. سانسىز چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان زالدا پۈزۈر كىيىنگەن ئەر ـ ئاياللار ھەممەيلەن چوقۇنىدىغان ياش ئۇسسۇلچى سەھنىگە چىقىشى بىلەن قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، دەستە ـ دەستە گۈللەرنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلاپتۇ. شۇ قاتاردا ھېلىقى قىزىلگۈلمۇ سەھنىگە تاشلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوينا ـ ئوينا سەھنىنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ غولىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. سەھنە ئورۇنلاشتۇرغۇچى بىر ئىشچى ئۇنى تېرىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق، خۇش پۇراق، ئەمما غولى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يانچۇقىغا سېلىپتۇ. ئىشچى كەچتە ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، قىزىلگۈلنى رومكىغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىزىلگۈل رومكىدىكى سۇغا چىلىنىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشچى ئۇنى ئېلىپ مومىسىنىڭكىگە بېرىپتۇ. ياشىنىپ قالغان موماي تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن، ئۇ غولى سۇنۇپ كەتكەن قىزىلگۈلنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى ھىدلاپتۇ.

— سەن ساھىبجامال خانقىزلارنىڭ ئۆستىلىگە بارماي، مېنىڭدەك بىر نامرات مومايىنىڭ ئالدىغا كەپسەن. مەن سېنى بىر تۈپ قىزىلگۈل ئورنىدا كۆرىمەن، سەن نېمىدېگەن چىرايلىق! — دەپتۇ موماي.

موماي ئۇنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ياشلىق چېغى ئېسىگە كەپتۇ.

— دېرىزىدە بىر تۆشۈك بار ئىكەن، — دەپتۇ مەيىن شامال، — مەن ئۇ يەردىن ئۆيگە ئاسانلا كىرىپ، مومايىنىڭ ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان كۆزلىرىنى، رومكىدىكى قىزىلگۈلنى كۆردۈم. ئۇ بەك بەختلىك ئىكەن! مەن شۇنى ئېنىق كۆرەلىدىم!

گۈللۈكتىكى ھەربىر قىزىلگۈلنىڭ ئۆزىگە خاس ھېكايىسى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن، بۇنداق ئىشەنچ ئۇلارنى ھەقىقەتەن بەختلىك قىلىدىكەن. لېكىن، ئاخىرقى قىزىلگۈل ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك، دەپ قارايدىكەن.

— مەن ھەممەيلەندىن ئۇزاق ياشىدىم! مەن ئاپام ئەڭ ياخشى كۆرگەن بىردىنبىر بالا!

— مەن ئۇنىڭ ئاپىسى! — دەپتۇ قىزىلگۈل چىتلىقى.

— مەن! — دەپتۇ قۇياش نۇرى.

— مەن! — دەپتۇ تۇمانلىق ھاۋا.

— ھەرقايسىمىزنىڭ بىر ئۈلۈشى بار، — دەپتۇ مەيىن شامال، — ھەرقايسىمىزنىڭ بىر ئۈلۈشى بولۇشى كېرەك!

شۇنىڭ بىلەن، مەيىن شامال قىزىلگۈل

يوپۇرماقلىرىنى يەلپۈپ، شەبنەم چۈشەلەيدىغان، قۇياش نۇرى يورۇتالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ.

— مېنىڭمۇ بىر ئۇلۇشۇم بار! — دەپتۇ ئۇ، — مەن ھەربىر قىزىلگۈلنىڭ ھېكايىسىنى بىلىمەن، بۇ ھېكايىلەرنى پۈتۈن دۇنياغا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن! ئەمىسە، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىم ئەڭ بەختلىك؟

# چوڭ خوخنىڭ كەچۈرمىشى

ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر قورۇقتا ناھايىتى ياخشى پەرۋىش قىلىنغان بىر گۈللۈك بار ئىكەن، گۈللۈكتە نۇرغۇن ئەتىۋارلىق دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بار ئىكەن. قورۇققا كەلگەن مېھمانلار گۈللۈكتىكى گۈل - گىياھلارنى كۆرگەندە كۆڭلى يايراپ كېتىدىكەن، يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ۋە بازاردىكى كىشىلەر ھەر يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى كېلىپ گۈللۈكنى كۆرۈپ كېتىدىكەن، ھەتتا مەكتەپ - مەكتەپلەرمۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغىلى ئېلىپ كېلىدىكەن.

گۈللۈكنىڭ قاشاسىغا يانداشقان، ئېتىزلىقتا تۇتاشقان يولنىڭ بويىدا بىر تۈپ چوڭ خوخا بار ئىكەن، ئۇ ھەيران قالغۇدەك يوغىنىغانىكەن. ئۇ يىلتىز

قىسمىدىن تازا چاتاقلىغان بولۇپ، چوڭلا بىر پارچە يەرنى قاپلىغاچقا، چوڭ خوخىلىق دېيىشكىمۇ بولىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇتچىنىڭ هارۋىسىنى سۆرەيدىغان قېرى ئېشەكتىن باشقا هېچكىم زەن قويۇپ قاراپ باقمىغانىكەن. قېرى ئېشەك بوينىنى بولۇشىغا سوزۇپ، چوڭ خوخىغا: «سەن بەك گۈزەل! سېنى يېگۈم كېلىدۇ!» دەيدىكەن، لېكىن چۈلۋۇرى قىسقا بولغاچقا، ئۇنى يېيەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى قورۇقتا ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا زىياپەتكە پايتەختتىن نۇرغۇن ئېسىلزادىلەر كەپتۇ، يەنە تېخى ياش، ساهىبجامال قىزلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شوتلاندىيىدىن كەلگەن بىر خانقىزمۇ بار ئىكەن. ئۇ كاتتا ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، نۇرغۇن يەر - زېمىن ۋە پۇل - پۇچەكنىڭ ئىگىسى ئىكەن. شۇڭا، نۇرغۇن ياش يىگىتلەرنىڭ ئۇنى ئەمرىگە ئالغۇسى كېلىدىكەن، ئۇلارلا ئەمەس، ئانىلىرىمۇ ئۇنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ياشلار چىملىقتا توپ ئويناپتۇ. ئۇلار گۈللۈككە كىرگەندە، هەربىر قىز بىر تالدىن گۈل ئۈزۈپ، يىگىتلەرنىڭ تۈگمە تۆشۈكىگە قاداپ قويۇپتۇ. لېكىن، هېلىقى شوتلاندىيىلىك خانقىز ئەتراپقا خېلى ئۇزاق سەپسېلىپ قاراپتۇيۇ، كۆڭلىگە ياققۇدەك گۈلنى كۆرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قاشانىڭ سىرتىغا قاراپ، ئۇ يەردىكى چوڭ خوخىلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. خوخىلىقتا چوڭ - چوڭ بىنەپشە رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇ بۇ گۈللەرگە قاراپ تەبەسسۇم قىپتۇ ۋە قورۇق خوجايىنىنىڭ ئوغلىدىن ئۆزىگە بىر تال خوخا

گۈلنى ئۈزۈپ بېرىشنى ئۇنتۇپتۇ.

— بۇ شوتلاندىيىنىڭ گۈلى ! — دەپتۇ خانقىز، — ئۇ شوتلاندىيىنىڭ دۆلەت گېربىدا نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇنى ماڭا ئۈزۈپ بېرىڭا !

خوجايىنىنىڭ ئوغلى ئەڭ چىرايلىق گۈلنى تاللاپ ئۈزۈپتۇ، ئەمما بۇ خوخا گۈلىنىڭ تىكىنى يىگىتنىڭ قولىغا سانجىلىپ كېتىپتۇ.

شوتلاندىيىلىك خانقىز خوخا گۈلىنى بۇ يىگىتنىڭ تۈگمە تۆشۈكىگە قاداپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىپتۇ، قالغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپتۇ. چوڭ خوخمۇ گويا شەبنەم بىلەن قۇياش نۇرى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىۋاتقاندەك راھەتلىنىپتۇ.

«مەن ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ كۆپ ياخشى ئىكەنمەن ! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — مەن قاشانىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئىچىدە تۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن. دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ئورنى تازا غەلىتە بولىدىكەن - دە ! لېكىن، ھازىر مېنىڭ بىر تال گۈلۈم قاشانىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر يىگىتنىڭ تۈگمە تۆشۈكىگە قادالدى ! ھەرھالدا بۇنىمۇ ياخشى ئىش دېيىشكە بولىدۇ.»

ئۇ ھەربىر گۈلگە ۋە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلىرىغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، چوڭ خوخا بىر خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا بىرەر ئادەم ياكى ۋىچىرلاۋاتقان قۇشلار ئەمەس، بەلكى ھاۋا سۆزلەپ بېرىپتۇ. چۈنكى، ھاۋا تەرەپ - تەرەپلەردىكى ئاۋازلارنى يىغىپ، ئاندىن ئۇلارنى تارقىتىدىكەن. ھاۋانىڭ

دېيىشىچە، ساھىبجامال شوتلاندىيىلىك خانقىز تەقدىم قىلغان خوخا گۈلىگە ئېرىشكەن ھېلىقى يىگىت ھازىر بۇ خانقىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپتۇ، ئەمدى ئۇلار توي قىلغۇدەك.

«مانا مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشتۇم!» دەپ ئويلاپتۇ چوڭ خوخا. ئۇنىڭ ئېچىلغان ھەربىر گۈلىمۇ شۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ.

«ئەمدى مەن چوقۇم گۈللۈككە كۆچۈرۈلىمەن! — دەپ ئويلاپتۇ چوڭ خوخا، — كىم بىلىدۇ، مەزمۇت تەشتەكتىن بىرىگە كۆچۈرۈلىمەنمۇ تېخى، بۇنداق بولۇش ئەڭ شەرەپلىك - دە!»

چوڭ خوخا ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا بۇ ئىش راستتەك بىلىنىپتۇ، ئاخىر ئۇ ئىشەنچ بىلەن:

— مەن ئەمدى تەشتەكتە ياشايمەن! — دەپتۇ.

ئۇ ھەربىر گۈلىگە:

— سىلەرمۇ مەن بىللە تەشتەككە كۆچۈرۈلىسىلەر، يەنە تېخى تۇگمە تۆشۈككە قادىلىش بەختىگە ئېرىشىپ قېلىشىڭلارمۇ مۇمكىن، — دەيدىغان بوپتۇ.

لېكىن، ھېچكىم چوڭ خوخىنى تەشتەككە كۆچۈرمەپتۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ گۈللىرى ئىلگىرىكىدەكلا كۈندۈزى قۇياش نۇرىنى، كېچىسى شەبنەمنى سۈمۈرۈپ ياشاپتۇ. خوخا گۈللىرى داۋاملىق ئېچىلىپتۇ، ھەسەل ھەرىلىرى ۋە سېرىق ھەرىلەر ئۇلارنى يوقلاپ، گۈل شىرىنلىرىنى توشۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇنىڭ ئۆزى تالان - تاراج قىلىشقۇ! — دەپتۇ چوڭ خوخا، — ئەگەر ئۇلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرەلىگەن

بولسام بەك ياخشى بولاتتى، ئەمما بۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ـ دە.

گۈللەر سولىشىپتۇ، بەرگلىرى تۆكۈلۈپتۇ، ئەمما يېڭى گۈللەر ئېچىلىۋېرىپتۇ.

— شۇ تاپتا ھەممىڭلار چىلالاپ كېلىنگەندەكلا كۆرۈنىسىلەر! — دەپتۇ چوڭ خوخا، — مەنمۇ قاشادىن ئۇياققا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىپلا تۇرۇۋاتىمەن.

چوڭ خوخىدىن سەل نېرىراقتا ئىككى تۈپ گىياھ بار ئىكەن، ئۇلار چوڭ خوخىنىڭ سۆزلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپتۇ، ئۇلارمۇ چوڭ خوخىنىڭ دېگەنلىرىدىن قىلچە گۇمانلانمايدىكەن.

سۇتچىنىڭ قېرى ئېشىكى باراقسان چوڭ خوخىغا تەلمۈرۈپ قارايدىكەن، ئەمما چۇلغۇۋرى بەك قىسقا بولغاچقا، ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى زادىلا يەتكۈزەلمەيدىكەن.

— كېلىپ چىقىشىڭ ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ، بەزىدە شۇنداق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەنسەن! — دەپتۇ چوڭ خوخىنىڭ يېنىدىكى كەندىر. ئۇنىڭدىمۇ ئەگەر ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشسە، «ئېسىل ماتا»غا ئايلىنىدىغاندەك تۇيغۇ بار ئىكەن.

ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ، يوپۇرماقلار غازاڭ بوپتۇ، گۈللەرنىڭ رەڭگى تېخىمۇ قېنىق، پۇرىقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپتۇ. ئورمانلىقتىكى ئارچىلار مىلاد بايرىمىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن.

— مەن تېخىچە جايىمدا تۇرۇپتىمەن ! — دەپتۇ چوڭ خوخا، — ھېچكىم مېنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەك قىلىدۇ، بىراق مەن ھېلىقى قىز ـ



يىگىتنى ئەر ـ خوتۇنغا ئايلاندۇرغان. بۇنىڭغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، لېكىن مەن بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ نېرى بولالمىدىم يا ئۆزۈم مىدىرلىيالمىسام...

بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ، چوڭ خوخا جايىدا تۇرىۋېرىپ، ئاخىرقى بىر تال گۈلى بىلەن قاپتۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىغا يېقىن ئېچىلغان بۇ گۈل ھەم چوڭ، ھەم توق ئىكەن. سوغۇق شامال گۈلنى يەلپۈپ ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپتۇ، نازاكىتى يوقىلىپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ كۈمۈش ھەل بېرىلگەن ئاپتاپپەرەسكىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا، ھېلىقى بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇن گۈللۈككە كىرىپتۇ. ئۇلار قاشانى ياقىلاپ مېڭىپتۇ، يىگىتنىڭ ئايالى قاشانىڭ سىرتىغا قاراپتۇ.

— ئاۋۇ چوڭ خوخا يەنە شۇ يەردە تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدى ئۇنىڭ گۈلى قالماپتۇ.

— بار ئىكەن، ئەنە، ئاخىرقى گۈلىنىڭ ئەرۋاھى تۇرىدۇ! — دەپتۇ ئېرى گۈلنىڭ كۈمۈش رەڭ قالدۇقىنى كۆرسىتىپ. دېمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر تال گۈل ـ دە !

— ھە، ئۇ بەك ئوماق ئىكەن! — دەپتۇ ئايال، — ئۇنى رەسىم رامكىمىزغا قاداپ قويساق بولغۇدەك!

شۇنىڭ بىلەن، يىگىت قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ خوخا گۈلىنى ئۈزۈۋېپتۇ. ئۇنىڭ بايا خوخا گۈلىنى «ئەرۋاھ» دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، خوخا تىكىنى ئۇنىڭ بارمىقىغا سانجىلىپتۇ.

ئۇلار خوخا گۈلىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۆينىڭ تېمىغا بىر جۈپ ياش ئەر ـ خوتۇننىڭ رەسىمى ئېسىلغانىكەن. رەسىمدىكى يىگىتنىڭ تۈگمە تۆشۈكى ئۈستىگە بىر تال خوخا گۈلى سىزىپ قويۇلغانىكەن. ئۇلار بۇ گۈل توغرۇلۇق سۆزلىشىپتۇ، يەنە ئۆزلىرى

ئېلىپ كىرگەن ئاخىرقى كۆمۈش رەڭ خوخا گۈلى توغرۇلۇقمۇ سۆزلىشىپتۇ، ئاندىن ئۇنى رەسىم رامكىسىغا قاداپ قويۇپتۇ.

ھاۋا ئۇلارنىڭ پارىڭىنى يىراق - يىراقلارغا تارقىتىپتۇ.

— ئاخىر مۇنداق كەچۈرمىشىمىزمۇ بار بولدى ! — دەپتۇ چوڭ خوخا، — تۇنجى بالام تۇگمە تۆشۈككە قادالغانىدى، ئاخىرقى بالام رەسىم رامكىسىغا قادالدى! ئەمدى ئۆزۈم نەگە بارارمەن؟

قېرى ئېشەك يول بويىدا تۇرۇپ بويىنىنى سوزغىنىچە:

— مېنىڭ يېنىمغا كەل، قەدىرلىكىم ! چۈلۈۋۈرۈم قىسقا، يېنىڭغا بارالمىغۇدەكمەن ! — دەپتۇ.

لېكىن، چوڭ خوخا جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇ ئۆز جايىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ. ئۇ ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، مىلاد بايرىمىغىچە ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرىدىن گۈللەر ئېچىلىپتۇ.

— بالام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلگەنىكەن، ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن قاشانىڭ سىرتىدا تۇرساممۇ قانائەت تاپىمەن!

— ئالىيجاناب ئوي! — دەپتۇ قۇياش نۇرى، — سەنمۇ ياخشى بىر جايغا بېرىشىڭ كېرەك !

— تەشتەككىمۇ ياكى سېۋەتكىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ چوڭ خوخا.

— بىر ئېسىل چۆچەكنىڭ ئىچىگە ! — دەپتۇ قۇياش نۇرى. مانا بۇ ئاشۇ چۆچەك ئىكەن !

# سەن نېمىلەرنى ئويلىيالايسەن

بۇرۇنىسىدا بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە شائىر بولۇشنىلا ئويلايدىكەن، مۇمكىن بولسا پاسخا بايرىمىغىچە شائىر بولۇپ كەتسەم، ئاندىن كېيىن توي قىلسام، شېئىر يېزىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلسام دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ شائىر بولۇش ئۈچۈن خېلى بىرنېمىلەرنى ئويلىيالايدىغان بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىدىكەن، شۇغىنىسى ئۇنىڭدا دەل مۇشۇ ئەقىل كەم ئىكەن. ئۇ: «بەك كېچىكىپ تۇغۇلغانىكەنمەن، بۇرۇنقىلار بۇ دۇنيانى مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا كۆرۈپ بولغانىكەن، ھەممە ئىشنى باشقىلار شېئىر قىلىپ يېزىپ بوپتىكەن» دەپ ئويلايدىكەن.

«مىڭ يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان بولسام، نەقەدەر ياخشى بولاتتىكەن ـ ھە! — دەپتۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، —

ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا نامى ئۆچمەس كىشىلەردىن بولۇۋاپتۇ! ھەتتا بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان كىشىلەرمۇ بەك بەختلىك ئىكەن. ئۇ چاغلاردا، ئىشقىلىپ شېئىر قىلىپ مەدھىيىلىگۈدەك نەرسىلەر بار ئىكەن. ھەممە نەرسە شېئىر قىلىپ يېزىلىپ بولۇنغان تۇرسا، ئەمدى مەن نېمىنى يېزىشىم مۇمكىن ؟ !»

ئۇ بۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرۇۋېرىپ، ئاخىر قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلىنى ھەرقانداق ئۇستا دوختۇرمۇ ساقايتالمايدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىزلىق تەرەپتىكى قاشانىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يېنىدىكى كەپىدە تۇرىدىغان داخان مومايغا كۆرۈنۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. داخان موماي ھارۋا ۋە ئاتلىقلارغا قاشانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشكە مەسئۇل ئىكەن. ئۇ مەيگە ئولتۇرۇپ شەھەردىن كېلىدىغان كاتتا دوختۇردىنمۇ ئەقىللىق ئىكەن.

— ئۇنىڭكىگە بېرىپ باقاي ! — دەپتۇ يىگىت.

داخان موماينىڭ كەپىسى كىچىك بولغان بىلەن، بەك پاكىز، رەتلىك ئىكەن، بىراق ئۇنىڭكىگە كەلگەن كىشىنىڭ ئىچى سىقىلىپ قالىدىكەن. چۈنكى، بۇ يەردە بىرەر تۈپ دەرەخ، بىرەر گۈلمۇ يوق ئىكەن. ئىشىك ئالدىدا بىر ھەسەل ھەرە ساندۇقى بار ئىكەن. داخان موماي بىر پارچە يەرگە ياڭيۇمۇ تېرىغانىكەن. نېرىدا بىر ئېرىق بولۇپ، ئۇنىڭ بويىدا بىر تۈپ تىكەن يوپۇرماقلىق گىلاس بار ئىكەن. ئۇنىڭ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ، مېۋە تۇتۇۋاتقانىكەن. ئەگەر قىرو چۈشۈشتىن بۇرۇن بۇ مېۋىنى تېتىپ باقسىڭىز، چۈچۈمەللىكىدىن

ئاغزىڭىزنى ئاچالمايلا قالىدىكەنسىز.

«مانا، بىزنىڭ قىلچە شېئىرىي مەنىسى يوق دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمىز كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ!» دەپ ئويلاپتۇ يىگىت، بىراق ئۇنىڭ داخان موماينىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولغان ئوي - خىيالىمۇ ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە تەسىرات ئىكەن.

— شۇنى يازا! — دەپتۇ داخان موماي، — بولىكا ئۇۋىقىمۇ بولىكا! سىزنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. سەندە تەسەۋۋۇر كەم ئىكەن. ئەگەر ئۆزۈڭ خالىساڭ، پاسخا بايرىمى كەلگۈچە شائىر بولالايسەن.

— ھەممە نەرسە يېزىلىپ بوپتۇ، — دەپتۇ يىگىت، — نېمىنى يازىمەن؟ دەۋرىمىز يا قەدىمكى زامان بولىسا!

— بۇنداق بولۇشى ناتايىن، — دەپتۇ داخان موماي، — قەدىمكى زاماندا داخانلار كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلەتتى، شائىرلار دائىم ئاچ قورساق، ئۇستىبېشى ۋەيرانە يۈرەتتى. ھازىرقى دەۋر ناھايىتى ياخشى، بەك - بەك ياخشى! لېكىن، سەن شەيئىلەرگە توغرا قاراشنى بىلمەيدىكەنسەن، قۇلىقىڭمۇ ساز ئەمەس ئىكەن، قارىغاندا، سەن ئاخشىمى ئىبادەت قىلمايدىغان ئوخشايسەن. بۇ يەردە شېئىر قىلىپ يازغۇدەك، ھېكايە قىلىپ سۆزلىگۈدەك خىلمۇخىل خام ماتېرىياللار بار، گەپ سېنىڭ ئۇلارنى قانداق بايان قىلىشنى بىلىشىڭدە. سەن زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تېما قىلساڭمۇ، تىنىك سۇ، توختام سۇلاردىن ئىلھام ئالساڭمۇ بولىدۇ. لېكىن، سەن ئۇلارنى بىلىشىڭ كېرەك. ئەمدى سەن مېنىڭ كۆزەينىكىمنى تاقاپ سىناپ كۆرگىن، تىڭشىغۇچۇمنى

قولىقىڭغا ياققىن، ئاندىن تەڭرىگە ئىبادەت قىل، ھەرگىز ئۆزۈڭنى ئويلىما!

ئۇ كۆزەينەكنى تاقاپتۇ، تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا يېقىپتۇ، ئاندىن كېيىن داخان موماي ئۇنى ياڭيۇ ئېتىمزىغا باشلاپ بېرىپتۇ. داخان موماي ناھايىتى يوغان بىر ياڭيۇنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ياڭيۇ زوۋانىغا كىرىپ، ياڭيۇنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنىدىغان بىر ناخشىنى ئېيتىپتۇ.

ياڭيۇنىڭ ناخشىسىدا نېمىلەر سۆزلەنگەندۇر؟

ياڭيۇ ناخشىسىدا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى، يەنى قانداق قىلىپ ياۋروپادىن كەلگەنلىكىنى، ئەينى چاغدا كىشىلەر ياڭيۇنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك ئۇقۇشماسلىق ۋە بەختسىزلىكلەرگە يولۇققانلىقىنى بايان قىپتۇ:

«پادىشاھ ھەرقايسى شەھەرلەرگە بىزنى تارقىتىشقا ئەمر قىلىپ، بىزنىڭ مۇھىملىقىمىزنى ئېنىق چۈشەندۈردى. لېكىن، كىشىلەر زادىلا ئىشەنمىدى. ئۇلار بىزنى قانداق تېرىشنىمۇ بىلمەيتتى، ھەتتا بەزىلەر بىر ئورەكنى كولاپ، بىر خالتا ياڭيۇنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ قويدى. يەنە بەزىلەر ئۇ يەرگە بىرنى، بۇ يەرگە بىرنى كۆمۈپ، چوڭ دەرەخكە ئايلىنىپ، شاخ ـ شاخلاردا مېۋىلىشىمىزنى كۈتتى. ئۇلارنىڭ كۆمگەنلىرى راستىنلا ئۆسۈپ چىقتى، چېچەكلىدى، لېكىن چېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. ياڭيۇنىڭ مېۋىسى ئۇلارنىڭ يىلتىزىدا بولىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىدى. بىز سىناقلارغا، ئازابلارغا بەرداشلىق بەردۇق! بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ۋە بىز ئەنە

شۇنداق ياشاپ كەلدۇق !»

— ئەمدى سەن تىكەن يوپۇرماقلىق گىلاسنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ باق ! — دەپتۇ داخان موماي يىگىتكە.

— ياڭيۇنىڭ يۇرتىدا بىزنىڭمۇ يېقىن تۇغقانلىرىمىز بار، — دەپتۇ تىكەن يوپۇرماقلىق گىلاس، — بىز ئۇلار ياشايدىغان جايغا قارىغاندا شىمالغا يېقىنراق. نورۋېگىيىدىن كەلگەن شىمالىي ياۋروپالىقلار كېمە ھەيدەپ، تۇمان ۋە بوران - چاپقۇنلاردىن ئۆتۈپ، ئىنسانلار ئاياغ بېسىپ باقمىغان بىر يەرگە كەلگەن. ئۇلار قار - مۇزلار ئاستىدىن بەزى ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپلەرنى تېپىپ، ھاراق ئېچىتىشقا بولىدىغان قارا رەڭلىك بىر خىل مېۋىنى، يەنى تىكەن يوپۇرماقلىق گىلاسنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز تىكەن يوپۇرماقلىق گىلاسلار قىرو چۈشكەندە پىشىمىز. بۇ يەرنىڭ نامىمۇ بىزنىڭ نامىمىز بىلەن ئاتىلىدۇ.

— بۇ تولىمۇ رومانتىك ھېكايە ئىكەن ! — دەپتۇ يىگىت.

— شۇنداق ! ئەمدى بۇياققا كەل، — دەپتۇ داخان موماي ۋە ئۇنى ھەسەل ھەرىسى ساندۇقىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. يىگىت ساندۇقنىڭ ئىچىگە قارىسا، ھەرە كۆنىكىنىڭ ھەربىر تۆشۈكىدە ھەسەل ھەرىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ كاتتا «زاۋۇت»نىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك ھەدەپ قانات قېقىۋاتقۇدەك، بۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئىكەن. ئارقىدىن، سىرتتىن نۇرغۇن ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ پۇتىدا توغۇلۇشىدىنلا «سېۋەت» بار ئىكەن، ئۇلار ئاشۇ



سېۋەتلىرىگە گۈل چېچىكى قاچىلاپ كېلىدىكەن. ئۇلار بۇ گۈل چاڭلىرىنى بىر قۇر تاسقىۋېتىپ ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدىكەن. ئانا ھەرىنىڭ ئۇچقۇسى بار ئىكەن، بىراق بۇنداق قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇ بۇنداق قىلسا، ھەممە ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېتىدىكەن. لېكىن، ئانا ھەرىنىڭ يەنىلا ئۇچقۇسى كېلىدىكەن، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭ قاناتلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىكەن.

— ئەمدى جىلغىغا چىقايلى، — دەپتۇ داخان موماي، — يولنىڭ ئۇ يېقىدىكى كىشلەرنى كۆرۈپ باق!

— ئوھوي، نېمىدېگەن كۆپ ھېكايە بۇ! — دەپتۇ يىگىت، — بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ بېشىمنى قايدۇرۇپلىۋەتتىغۇ! مەن قايتىپ كەتسەم بولغۇدەك !

— ئۇنداق قىلما، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ! — دەپتۇ داخان موماي، — كىشلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ كۆرۈپ باق، ئاڭلاپ باق، ئاندىن ئوبدان ئويلاپ باق ! شۇنداق قىلساڭ، ئەقىل تاپالايسەن. لېكىن، سەن ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن، كۆزەينىكىم بىلەن تىڭشىغۇچۇمنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ!

ئۇ كۆزەينەك بىلەن تىڭشىغۇچنى ئېلىۋاپتۇ.

— ئەمدى مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، ئاڭلىيالمىدىم ! — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، سەن پاسخا بايرىمىدا شائىر بولالمىغۇدەكسەن ! — دەپتۇ داخان موماي.

— ئەمىسە، قاچان شائىر بولالايمەن؟

— قاچان ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلەيدىغان، ئۆز

قۇلىقىنىڭ بىلەن ئاڭلىيالايدىغان، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ توغرۇلۇق ئويلىنالايدىغان بولغاندا! — داخان موماي شۇنداق دەپتۇ - دە، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قاپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بېشىنى قاشلىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

# بىر ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنى

بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ غىزالىماقچى بوپتۇ. لېكىن، ھەربىر كۈننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشى بولغاچقا، يىلنىڭ بېشىدىن تا ئاخىرىغىچە زادىلا ۋاقىت چىقىرالماپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈننى تاللىشى كېرەك ئىكەن، بۇ كۈن تۆت يىلدا ئاران بىر قېتىم كېلىدىكەن، يەنى ئۇلار ئىككىنچى ئايدىكى ھېلىقى كەبىسە كۈننى تاللاپتۇ.

كەبىسە كۈنى كەلسە، بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى بىر يەرگە جەم بولۇپ بىرلىكتە غىزالىماقچى، ئۆزلىرىنىڭ ھەۋەسى بويىچە مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭ سېلىشماقچى، قىلچە



ئارازلىق بولمىغان دوستانە كەيپىيات ئىچىدە، كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى ئېيتىشماقچى بوپتۇ.

كەبىسە كۈن يېتىپ كەپتۇ، ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى بىر يەرگە جەم بوپتۇ.

يەكشەنبە ــ بىر ھەپتىنىڭ بېشى، ئۇ يىپەك پەلتو كىيىپتۇ، ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن تەقۋادار كىشىلەرئۇنى پوپنىڭ كىيىمىنى كىيىپ چېركاۋغا مېڭىپتۇ دەپ قالىدىكەن. لېكىن، باللار كۆرسە، ئۇنى نىقابلىق تانسا يىغىلىشىدىكى ئاق يەڭلىك قارا پەلتو كىيگەن، «دومىنو» دەپ ئاتىلىدىغان شەخسكە ئوخشىتىپ، كۆڭۈل ئاچقىلى مېڭىپتۇ دەپ قالىدىكەن.

ئۇ تۇگمە تۆشۈكىگە تىياتىرخانىنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان چىنىگۇل شەكلىدىكى كىچىك قىزىل چىرىغىنى قادىۋالغانىكەن. چىراغقا «بىلەت سېتىلىپ بولدى، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى باشقا يەردە چىقىرىڭ» دېگەن سۆزلەر يېزىقلىق ئىكەن.

دۈشەنبە يەكشەنبىگە ئەگىشىپلا بىر يىگىت قىياپىتىدە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەكشەنبە بىلەن بىر ئائىلە ئىكەن. ئۇ كۆڭۈل خۇشى ئىزدەشكە بەكلا ئامراق بولۇپ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ چىققانىكەن.

— ھېلىقى نېمىتتى، ھە، ئوپېرا باخىنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ چىقتىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنىڭ مۇزىكىسى يا كاللامغا تەسىر قىلمىدى، يا قەلبىمگە سىڭىپ كىرمىدى، ئۇ پەقەت پۇت مۇسكۇللىرىمنىلا غىدىقلىدى. مەن ئۇسسۇل ئوينىۋالاي، بىرنەچچە رومكا قېقىۋالاي، ئەتە يەنە ئىشلىشىم كېرەك. مەن بىر ھەپتىنىڭ بېشى ئەمەسمۇ!

— توغرا، توغرا! — دەپتۇ سەيشەنبە، — نۆۋەت ماڭا كەلگەندە قاتتىق ئىشلىشىم، سودىگەرلەرنىڭ ئايىغىغا جۇپ قاناتلىق بېزەك قادىشىم، زاۋۇتقا بېرىپ چاقلارنىڭ ئايلىنىۋاتقان - ئايلانمايۋاتقانلىقىنى، تىككۈچىنىڭ كىيىم تىكىۋاتقان - تىكمىۋاتمىغانلىقىنى، تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ رېلىس ياتقۇزۇۋاتقان - ياتقۇزمايۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك. ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىشى كېرەك. مەن ھەربىر كىشىگە دىققەت قىلىمەن، شۇڭا ساقچىنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالدىم، يەنە تېخى ئۆزۈمنى «چارلاش كۈنى» دەپ

ئاتاشقىمۇ ئادەتلىنىپ قالدىم. ئەگەر بۇنداق دېيىش تازا مۇۋاپىق بولمىسا، سىلەر تېخىمۇ يېقىشلىق سۆزنى ئېيتىپ بېرىڭلار!

— ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يېتىپ كېلىمەن! — دەپتۇ چارشەنبە، — مەن بىر ھەپتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىمەن. مەن دۇكاندا بوغالتىر بولۇپ، بىر ھەپتىدىكى باشقا كۈنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى بىر تال گۈلدەك قىستۇرۇقلۇق تۇرىمەن. ئەگەر بىزنىڭ ئۈچىرىتىمىز ئالغا قاراپ ماڭسا، ئالدىمدا ئۈچ كۈن، ئارقىمدا ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇلار گويا مېنىڭ مۇراسىم ئەترىتىمگە ئوخشايدۇ. مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى بىر ھەپتىنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق كۈنى دەپ ھېس قىلىمەن.

مىسكەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان پەيشەنبە بولسا ۋە مىس چۆگۈن كۆتۈرۈۋالغانىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئىشلىزادىلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەن.

— مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ئەڭ ئېسىل! — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئىپتىدائىي دىنغا مەنسۇپ، ئەڭ مۇقەددەسمەن!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، مىس چۆگۈننى چېكىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى ئىپادىلەپتۇ.

قىزلارچە ياسانغان جۈمە ئۆزىنى فىلىيە دەپ ئاتايدىكەن، بەزىدە ۋىناسمۇ دەيدىكەن. چۈنكى، دانىيە تىلىدا جۈمە «فىلىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت، تۇغۇت، گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، يەنە كېلىپ، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ۋىناس بىلەن شىمالىي ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى فىلىيە ئوخشىشىپ



كېتىدىكەن. جۇمە ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم ئىكەن، بىراق شۇ كۈنى ئۇ بەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، بۇ كۈن كەبىسە كۈن ئىكەن، كەبىسە كۈنى ئاياللارغا ئەركىنلىك بېرىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ كۈنى قائىدە ـ يوسۇنلارنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە كۆڭلىنى ئىزهار قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆزى مۇھەببەت ئىزهار قىلسا بولىدىكەن.

ئايال غوجىدارچە كىيىنگەن شەنبە قولىغا سۈپۈرگە كۆتۈرۈۋالغانىكەن. ئۇ پىۋا ۋە بولكا[1] بىلەن غىزالىنىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، ئۇ:

— بۈگۈنكىدەك خۇشاللىق كۈندە بۇنداق بولكىنى شىرەگە تىزىپ ھەممەيلەننى ئېغىز تەگكۈزۈپ يۈرمەيلى، مەن يېسەملا بولىدۇ، — دەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ.

ئارقىدىن، بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى ئورۇنلىرىغا جايلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرى دابۇرۇ[2] ئويۇنى ئويناۋاتقاندىكى ھالەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، سىز ئۇلارنى قانچىلىك قىزىقارلىق قىلىمىز دېسىڭىز، شۇنچىلىك قىزىقارلىق قىلغىلى بولىدىكەن. لېكىن، بىز بۇنداق كۆرۈنۈشنى تۆت يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، بىر كۈنى ئارتۇق ھېسابلىنىدىغان ئىككىنچى ئاينىڭ كەبىسە كۈنىدىلا كۆرەلەيدىكەنمىز.

---

① ئوتتۇرا ئەسىردە، دانىيىلىكلەر شەنبە كۈنى مۇشۇنداق غىزالىنىشنى ئادەت قىلغان.
② دابۇرۇ — 19 ـ ئەسىردە دانىيە ئائىلىلىرىدە ئوينىلىدىغان قارتا ئويۇنى.

# قۇياشنىڭ ھېكايىسى

— ھازىر مەن ھېكايە ئېيتىپ بەرمەكچىمەن ! — دەپتۇ بوران.

— ياق، كەچۈرگىن، — دەپتۇ يامغۇر، — نۆۋەت ماڭا كەلدى. سەن كوچا دوقمۇشىدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ يېتەرلىك گۈركىرىۋالدىڭ !

— سەن ماڭا مۇشۇنداق رەھمەت ئېيتماقچىمۇ؟ — دەپتۇ بوران، — كىشىلەر سەن بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمىغان چاغلاردا، مەن سېنى دەپ ئۇلارنىڭ كۈنلۈكلىرىنى قايرىۋەتكەنلىرىم، ھەتتا بەزىلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىرىم يادىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دەپتۇ قۇياش نۇرى، — تىنچلىنىڭلار!

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا كۆزلەرنى چاقنىتىپ،

بۆلەكچە سالاپەتلىك قىياپەتكە كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بوران تىنچلىنىپ قاپتۇ. لېكىن، يامغۇر بورانغا قاراپ يەنە سۆزلەپتۇ:

— ئەجەبا بىز چوقۇم سەۋرچان بولۇشىمىز كېرەكمىكەن؟ ھەدېسىلا مۇشۇ قۇياش خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. بىزنىڭ ئاڭلىغۇمىز يوق! ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىكى يوق !

لېكىن، قۇياش سۆزلەۋېرىپتۇ:

— دولقۇنلار تولغىنىۋاتقان دېڭىزدىن بىر ئاق قۇ ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇنىڭ ھەربىر پېيى خۇددى ئالتۇندەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تال پېيى يەلكەن يېيىپ كېتىۋاتقان سودا كېمىسىدىكى مال نازارەتچىلىكىنى قىلىدىغان يىگىتنىڭ بۇدۇر چېچىنىڭ ئۇستىگە چۈشتى. كېمىدىكىلەر بۇ يىگىتنى «نازارەتچى» دەپ ئاتىشاتتى. يىگىت ئاق قۇ پېيىنى قەلەم قىلىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ باي سودىگەرگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنى ئالتۇن ئۇزەڭگە سېتىۋالغۇدەك بولدۇم دەپ بىلىپ، ئالتۇن تاۋاقنى ئۆزگەرتىپ ئاقسۆڭەكلىكنىڭ گېربى قىلىۋالدى. مانا مەن ئۇنىڭ ئالتۇن ئۇزەڭگە، ئالتۇن گېربىنى يورۇتۇپ باققانمەن !

ئاق قۇ بىر ئوتلاقنىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ئوتلاقتا بىر قېرى دەرەخ بار ئىدى، يەتتە ياشلىق پادىچى بالا بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداۋاتاتتى. ئاق قۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قېرى دەرەخنىڭ بىر يوپۇرمىقىنى سۆيۈپ قويىۋىدى، يوپۇرماق پادىچى بالىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئاندىن كېيىن، بۇ يوپۇرماق ئاۋۋال ئۈچ پارچىغا، ئاندىن كېيىن ئون پارچىغا، ئاخىردا بىر

كىتابقا ئايلاندى. پادىچى بالا ئۇنى ئوقۇشقا باشلاپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۆجىزىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى، ئېتىقادىنى ۋە بىلىملەرنى ئۆگەندى. كەچ كىرگەندە، ئۇ كۈندۈزى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالماي دېگەن خىيال بىلەن، كىتابنى ياستۇقىنىڭ تېگىگە قىستۇرۇپ قويدى. كىتاب ئۇنى مەكتەپتىكى پارتا - ئورۇندۇققا باشلاپ باردى. مەن بىر توپ ئالىملارنىڭ ئىسىملىكىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆرگەنمەن.

ئاق قۇ تىمتاس، قويۇق ئورمانلىققا بېرىپ، خىلۋەت كۆل بويىدا ئارام ئالدى. كۆلنى نېلۇپەرلەر قاپلىغان، كاككۇك ۋە بۆدۇنىلەر ئۇۋىلىغانىدى.

ئوتۇن تەرگىلى كەلگەن بىر نامرات ئايال كۆل بويىدا چېچىلىپ ياتقان شاخ - شۇمبىلارنى تەردى. ئۇ بىر باغلام شاخ - شۇمبىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا، ئۇ ھېلىقى ئالتۇن رەڭلىك ئاق قۇنىڭ پىلىكئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن كۆل بويىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ۋوي، ئۇ يەردە يالتىراۋاتقان نەرسە نېمىدۇر؟ ئەسلىدە ئۇ بىر دانە ئالتۇن تۇخۇم ئىكەن. نامرات ئايال تۇخۇمنى قوينىغا سالدى، تۇخۇم تېخىچە ئىسسىق ئىكەن، تۇخۇم ئىچىدە چوقۇم بىر جان بار دەپ ئويلىدى ئايال. دەرۋەقە، تۇخۇم ئىچىدىن شاكىلىنى چوقۇلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايال بۇنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى دەپ بىلىپ قالدى.

نامرات ئايال ۋەيرانە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئالتۇن تۇخۇمنى قوينىدىن ئالدى.

«چىك ! چىك !»

ئالتۇن تۇخۇمدىن خۇددى قىممەت باھالىق ئالتۇن سائەتنىڭ چىكىلدىشىدەك ئاۋاز چىقتى. ئارقىدىن تۇخۇم يېرىلىپ، كىچىككىنە ئاق قۇ بويىنىنى سوزۇپ بېشىنى سىرتقا چىقاردى. ئۇنىڭ مويلىرىنىڭ رەڭگى بەئەينى ساپ ئالتۇننىڭ رەڭگىدەك ئىدى. ئۇنىڭ بويىنىدا تۆت دانە ئۈزۈك بار ئىدى. نامرات ئايالنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ بۇ ئۈزۈكلەرنى قولىغا ئېلىپ: «ھەربىر بالامغا بىردىن ئۈزۈك سوۋغا قىلغان ئۇلۇغ تەڭرىمگە شۈكۈر!» دېدى. كېيىن، كىچىك ئاق قۇ ئۇچۇپ كەتتى.

ئايال ھەربىر ئۈزۈكنى بىر قېتىمدىن ئۆپتى، ئوغۇللىرىنىمۇ بىر قېتىمدىن ئۆپكۈزدى، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىغا بىردىن ئۈزۈك سېلىپ قويدى.

— مەن كۆردۈم! شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆردۈم! — دەپتۇ قۇياش ۋە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئايالنىڭ تۇنجى ئوغلى پاتقاقلىقتا بېرىپ بىر ئوچۇم لايىنى قولىغا ئېلىپ بىردەم مىجىقلىغاندىن كېيىن، بۇ لاي ئالتۇن قوي يۇڭىنى ئېلىپ كەلگەن يېئاسون①نىڭ ھەيكىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئىككىنچى ئوغۇل قولىغا ئۈزۈك سېلىنغان ھامان ئوتلاققا باردى، ئوتلاقتا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر تۇتام گۈلنى ئۈزۈپ، ئۇلارنى چىڭ مىجىقلاپ شىرىنىسىنى چىقىرىپ يۈزىگە سۈرتتى، ئۈزۈكىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى. گۈل شىرنىسى ئۇنىڭ

① يېئاسون — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان، ئۇ بىر توپ باتۇرلارنى باشلاپ كىركىسقا ئالتۇن قوي يۇڭىنى تېپىپ كەلگىلى بارغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «يېئاسون» سۋارسېننىڭ 1802 ـ يىلى رىمدا ياسىغان ھەيكىلىنى كۆرسىتىدۇ.



ئۆي ـ پىكرىنى، قوللىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، پايتەختتىكى كىشىلەر ھەمىشە بۇ ئۇلۇغ رەسسامنىڭ گېپىنى قىلىشىدىغان بولدى.

ئۈچىنچى ئوغۇل ئۈزۈكنى ئاغزىغا سالغىنىدى، ئۈزۈك سادا چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئۈچىنچى ئوغۇلنىڭ قەلبىنىڭ ئەكس ساداسى بولۇپ، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇرىدىن ئۇرغۇغان كۈيلەرگە ئايلاندى. بۇ كۈيلەر خۇددى ئاق قۇنىڭ سايراش ساداسىغا ئوخشاش يىراقلارغا تارقالدى، ئاندىن كېيىن خۇددى ئاق قۇنىڭ دېڭىزغا شۇڭغۇغىنىغا ئوخشاش پەسكە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى ئوغۇل كاتتا كومپوزىتورغا ئايلاندى. ھازىر ھەربىر مەملىكەتتىكىلەر ئۇنى: «ئۇ بىزنىڭكى!» دەپ قارايدىغان بولدى.

تۆتىنچى ئوغۇل سۆزلىگەندە ۋە كىتاب ئوقۇغاندا، تاۋۇشلارنى ئۇرغۇلۇق ئېيتىشقا، سۆزلەرنى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. كىشىلەر بەزىدە ئۇنى ماختايتتى، بەزىدە ئەيىبلەيتتى، لېكىن ئۇ مېنىڭدىن ئىللىقلىققا ئېرىشىپ تۇردى. ئۇنىڭدا شائىرلارغا خاس خىسلەت بار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بەزىدە ماختىلىشى، يەنە بەزىدە ئەيىبلىنىشمۇ تەبىئىي ئىش ئىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇرى خۇددى ئالتۇن كېپىنەكتەك تىنىماي پەرۋاز قىلىدىغان بولدى. بۇ هال ئۇنى مەڭگۈ ئۆلمەس ئادەمگە ئايلاندۇردى.

— بۇ هېكايە بەك ئۇزۇن ئىكەن! — دەپتۇ بوران.

— پەيزى يوق ھەم زېرىكەرلىك ئىكەن! — دەپتۇ يامغۇر، — بوران، سەن مېنى بىر ئاز يەلپۈپ سەگىتىپ قويساڭ بوپتىكەن!

شۇنىڭ بىلەن، بوران يەلپۈشكە باشلاپتۇ.

— ئاق قۇ دېڭىز قولتۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، بېلىقچىلار ئۇ يەرگە تور تاشلىغانىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ نامرات بىر بېلىقچى ئۆيلىنىۋېلىشنى بەك ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى، ئاق قۇ بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇمۇ مۇرادىغا يەتتى.

ئاق قۇ ئۇنىڭغا بىر تال كەھرىۋانى ھەدىيە قىلدى. بۇ كەھرىۋا ئەڭ ياخشى پۇراقلىق ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى، ھىدلىغان كىشىگە بۇ پۇراق خۇددى جەننەتتىن تارقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇڭا، نامرات بېلىقچى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئائىلە بەختىگە، تۇرمۇشى ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەندەك بولدى.

— ئەمدى توختاپ قالسالڭ، قانداق؟ — دەپتۇ بوران، — يېتەرلىك سۆزلىۋالدىڭ، مېنى بەك زېرىكتۈرۈۋەتتىڭ!

— مەنمۇ زېرىكتىم! — دەپتۇ يامغۇر.

بىرچۇ، بىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ بولۇپ نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟

— ھېكايە تۈگىدى! — بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز شۇ!



# دېڭىز بېلىقى

كاتتا ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بىر دېڭىز بېلىقى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، شۇڭا ئۇنى «بېلىقجان» دەپلا ئاتايلى. بۇ بېلىقنىڭ بىر مىڭ سەككىز يۈز قېرىندىشى بار ئىكەن، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇمايدىكەن، شۇڭا تۇغۇلۇپلا ئۆزىنى ئۆزى بېقىشقا باشلىغان، خالىغىنىچە ئۈزۈپ ـ شۇڭغۇپ يۈرگەنىكەن، بۇ ئىش ئۇلارغا بەك كۆڭۈللۈك بىلىنىدىكەن. ئىچىمەن دېسە ئۇلارنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس سۈيى بار ئىكەن، چۈنكى پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىزلار ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەن. ئۇلار ئوزۇق ـ تۈلۈكتىنمۇ قىلچە غەم قىلمايدىكەن. ھەربىر بېلىق كۆڭلى خالىغان ئىشنى قىلالايدىكەن، ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان ھېكايىلەرنى ئاڭلىيالايدىكەن.

قۇياش نۇرى دېڭىز سۈيىگە چۈشكەندە، بېلىقجاننىڭ ئەتراپى يورۇپ، ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنىدىكەن. دېڭىز ئاستى دۇنياسى ئاجايىپ - غارايىپ جانلىقلارغا تولغانىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە چوڭ، ئاغزى يوغان ئىكەن، ئۇلار بىر مىڭ سەككىز يۈز قېرىنداشنى بىرلا «ھاپ» ئېتىپ يۇتۇۋېتەلەيدىكەن. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ يۇتۇۋېتىلمىگەنىكەن.

ئۇلار خۇددى سېلىد بېلىقى ۋە ماكېرېل بېلىقلىرىدەك بىر - بىرىگە يانداشىپ ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلار دېڭىزدا ئەركىن - بىمالال، غەم - ئەندىشىسىز ئۈزۈپ يۈرگەندە، قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلەش ئاڭلىنىپ، ئۈزۈن ھەم ئېغىر بىر نەرسە ئۈستى تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپتۇ. بۇ نەرسە توختىماي تولغىنىپ، سوزۇلغانچە ئۈزىراپتۇ. ئۇ بىرەر بېلىققا سوقۇلىدىغان بولسا، بۇ بېلىق كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر يارىلىنىدىكەن. كىچىك بېلىقلاردىن تارتىپ چوڭ بېلىقلارغىچە، دېڭىز يۈزىدىكى بېلىقلاردىن تارتىپ دېڭىز تېگىدىكى بېلىقلارغىچە، ھەممىسى ۋەھىمىگە چۈشۈپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. ھېلىقى ئۈزۈن ھەم ئېغىر نەرسە بارغانسېرى چوڭقۇر چۆكۈپتۇ، چۆككەنسېرى ئۈزىراپ، ئۈزۈنلۇقى نەچچە چاقىرىمغا يېتىپتۇ.

بېلىق ۋە قۇلۇلىلەر، ئۈزەلەيدىغان ۋە ئۆمىلەلەيدىغان ھەممە جانىۋار بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇققا دىققەت قىپتۇ.

ئۇ زادى قانداق نەرسىدۇ؟ توغرا، بىز ئۇنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇ ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان تېلېگراف كابېلى بولۇپ، ئىنسانلار ئۇنى ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئارىلىقىدىكى دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆشۈرگەنىكەن①.

كابېل نەگە چۈشسە، دېڭىزنىڭ شۇ جايدىكى قانۇنلۇق ئاھالىلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بىر مەزگىل پاتىپاراق بولۇشۇپ كېتىدىكەن. ئۇچار بېلىقلار دېڭىز يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئېگىزگە ئۆرلەيدىكەن. تىرىگلا بېلىقلىرى خۇددى ئېتىلغان ئوقنىڭ تېزلىكىدە سۇ يۈزىنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. باشقا بېلىقلار دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ سۈرئىتى شۇ قەدەر تېز ئىكەنكى، تېلېگراف كابېلى چۈشۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار يىراق - يىراقلارغا قېچىپ بېرىۋالىدىكەن. ئۇلار دېڭىز تېگىدە بەختىيارامان ئۇزۇپ ئۆزىنىڭ تۇرداشلىرىنى يەپ يۈرگەن تىرىكا بېلىقلىرىنىمۇ قورقۇتۇۋېتىدىكەن.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بىرنەچچە تال دېڭىز ئادەمگىياھى ئۆچەي - باغرىنىڭ بارىنى قۇسۇۋېتىپتۇ، ئەمما يەنىلا هايات قاپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنداق ماهارىتى بار ئىكەن. بىرمۇنچە راك ۋە دېڭىز قىسقۇچپاقىلىرى قاتتىق قېپىدىن سوزۇلۇپ چىقىپتۇ، ئەمما پۇتلىرىنى قاپ ئىچىدە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

بۇ پاراكەندىچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقتا، هېلىقى بىر مىڭ سەككىز يۈز قېرىنداش تەرەپ - تەرەپكە

① بۇ 1866 - يىلى ئىنسانلارنىڭ 3500 كىلومېتىرلىق تېلېگراف كابېلىنى ئىرېلاندىيە بىلەن نېۋفوندلاند ئارىلىقىدىكى دېڭىز تېگىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



پىتىراپ كېتىپ، كېيىن قايتا جەم بولالماپتۇ، پەقەت ئون نەچچىسىلا يەنە بىللە تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر ـ ئىككى سائەت مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بايىقى پاراكەندىچىلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ قاپتۇ.

ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ بېقىپتۇ، ئۈستى تەرەپكىمۇ، ئاستى تەرەپكىمۇ قاراپتۇ. دېڭىزنىڭ تېگىدە تۇرغان، ئۆزلىرىنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتكەن، ھەممە چوڭ بېلىق، كىچىك بېلىقلارنىمۇ قورقۇتۇپ ھوشىنى ئالغان ھېلىقى نەرسىنى كۆرگەندەك بوپتۇ، لېكىن دېڭىز تېگىدە سوزۇلۇپ ياتقان بۇ نەرسىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى

كۆرەلمەپتۇ. ئۇ بەك ئىنچىكە بولۇپ، بېلىقچانلار ئۇنىڭ ئىنتايىن چىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بۇ نەرسە سوزۇلغىنىچە جىمجىت يېتىپتۇ، بىراق بېلىقلار ئۇنى ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ.

— ئۇ شۇ يەردە يېتىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق! — دەپتۇ ئېھتىياتچان بىر بېلىقچان. لېكىن، ئەڭ كىچىك بېلىقچان ئۇنى ئېنىق بىلىپ بېقىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئۇ نەرسە ئۇستى تەرەپتىن چۈشكەنىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگىلى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. شۇڭا، بېلىقچانلار دېڭىز يۈزىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ھاۋا بەك ئوچۇق ئىكەن.

دېڭىز يۈزىدە ئۇلار بىر دېلفىننى كۆرۈپتۇ. ئۇ بەك ھاكاۋۇر ئىكەن، ئۆزىنى دېڭىز ئەركىسى دەپ بىلىدىكەن. بېلىقچانلار ئۇنىڭ كۆزى بولغاندىكىن، چوقۇم ھەممىنى كۆرۈپ تۇردى، دەپ قاراپتۇ. ئۇلار دېلفىندىن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، بىراق ئۇ قانداق موللاق ئېتىشنىڭلا خىيالىدا بولۇپ كېتىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەنىكەن. شۇڭا، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي، تەكەببۇر قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

ئارقىدىن، ئۇلار سۇغا شۇڭغۇماقچى بولۇپ تۇرغان بىر دېلفىندىن سوراپتۇ. ئۇ بېلىقلارغا ئەدەپلىك كەرەك مۇئامىلە قىپتۇ. گەرچە ئۇ كىچىك بېلىقلارنى ئوزۇق قىلىدىغان بولسىمۇ، بۇگۈن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغانىكەن. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى بايىقى دېلفىننىڭكىدىن جىقراق ئىكەن.

— مەن قۇرۇقلۇقتا قارىغىنىمچە نەچچە كېچە ھۆل

تاشنىڭ ئۈستىدە ياتتىم، — دەپتۇ بۇ دېلفىن، — بۇ يەردىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا نۇرغۇن كالانپاي جانىۋارلار ياشايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىلىدا «ئادەم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بىزنى تۇتۇشقا ئامراق، بىراق كۆپ ھاللاردا بىز قېچىپ قۇتۇلىمىز. ھازىر شۇنى بىلدىمكى، سىلەر سورىغان ھېلىقى يىلانبېلىقنى ئاشۇ ئادەملەر باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا ياشاۋاتقىنىغا بەك ئۇزاق بولدى. ئادەملەر ئۇنى قۇرۇقلۇقتىن كېمىگە سېلىپ دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ، يىراقتىكى بىر قۇرۇقلۇققا ئاپارماقچى. مەن ئۇلارنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى كۆردۈم، لېكىن ئۇلار بۇ يىلانبېلىققا تاقابىل تۇرالايدىكەن، چۈنكى ئۇنى قۇرۇقلۇقتا كۆندۈرۈۋالغانىكەن. ئۇلار يىلانبېلىقنى ئوراپ بىر كاللەك قىلىۋاپتۇ، مەن ئۇنى قويغان چاغدىكى «تاراق - تۇرۇق» ئاۋازنى ئاڭلىدىم. لېكىن، بۇ نەرسە يەنىلا ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلدى. ئادەملەر ئۇنى بار كۈچى بىلەن تارتتى، نۇرغۇنلىرى ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى، لېكىن ئۇ يەنىلا قېچىپ، دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ ھازىرمۇ دېڭىزنىڭ تېگىدە ياتقان بولۇشى مۇمكىن!

— ئۇ بەك ئىنچىكە ئىكەن! — دېيىشىپتۇ بېلىقچانلار.

— ئادەملەر ئۇنى ئاچ قويغان! — دەپتۇ دېلفىن، — لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە قايتىپ، ئەسلىدىكى توم ھالىتىگە كېلىدۇ. مۆلچەرىمچە، ئۇ دەل ئادەملەر بەك قورقىدىغان، دائىم گېپىنى قىلىشىدىغان دېڭىز بوغما يىلىنىنىڭ ئۆزى شۇ! مەن ئۇنى زادىلا كۆرۈپ

باقمىغان، ئۇنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمىگەن، ئەمدى بۇنىڭغا ئىشەندىم.

— دېلفىننىڭ بىلىدىغانلىرى راستتىنلا كۆپ ئىكەن ! — دەپتۇ بىر بېلىقجان، — مېنىڭدە بۇنداق كۆپ بىلىم بولۇپ باقمىغان، ئىلاھىم ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان بولۇپ قالمىغاي !

— بىز دېڭىز تېگىگە چۆشۈپ تەكشۈرۈپ باقمايمىزمۇ! — دەپتۇ ھېلىقى كىچىك بېلىقجان، — يول بويى باشقا بېلىقلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ باقساق بولىدۇغۇ!

— مۇشۇ ئىشنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈنلىما؟ قويۇڭلار بۇنداق جاپا ئىشنى ! — دەپتۇ باشقا بېلىقلار ۋە ئالدى - ئارقىغا قارىماي كېتىپ قاپتۇ.

— مەن شۇنداق قىلىشنى خالايمەن ! — دەپتۇ ھېلىقى بېلىقجان. ئۇ دېڭىزنىڭ تېگىگە تېز شۇڭغۇپتۇ. لېكىن، ئۇ «چۆكۈپ كەتكەن ئۇزۇن نەرسە» ياتقان يەردىن ناھايىتى يىراقتا ئىكەن. بېلىقجان ئەتراپىغا زەن سالغىنىچە شۇڭغۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ شۇ قەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغانىكەن. توپلىشىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان، نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان سېلىد بېلىقلىرى خۇددى كۈمۈش رەڭلىك كېمىگىلا ئوخشايدىكەن. ماككېرېل بېلىقلار ئۇلارغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىكەن. ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل رەڭدىكى بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. بەئەينى سۇس سۈزۈك گۈللەرگىلا ئوخشايدىغان مېدۇزىلار سۇنىڭ ئېقىنىغا بېقىپ لەيلەپ

تۇرىدىكەن. دېڭىز تېگىدە ئېگىزلىكى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر كېلىدىغان سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ۋە پالمىسىمان دەرەخلەر ئۆسكەن بولۇپ، ھەربىر يوپۇرمىقىدا چاقناپ تۇرىدىغان سەدەپ قۇلۇلىلىرى بار ئىكەن.

بېلىقچان ئىنتايىن ئۇزۇن بىر لېنتىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ بېلىق ياكى كابېل ئەمەس، بەلكى غەرق بولغان بىر كېمىنىڭ رېشاتكىسى ئىكەن. كېمىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى بىلەن ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ پالۇبىسى پاچاقلىنىپ كەتكەنىكەن. بېلىقچان كېمە بۆلمىسىگە كىرىپتۇ، كېمە غەرق بولغاندا نۇرغۇن كىشىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن، شۇ تاپتا پەقەت ئىككى ئادەملا قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ياش ئايال بولۇپ، بوۋىقىنى قۇچاقلىغىنىچە سوزۇلۇپ ياتقانىكەن. دېڭىز سۈيى ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، خۇددى سەگەنچۈكتە تەۋرىتىۋاتقاندەك، ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. رېشاتكىدىن ساڭگىلىغان دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى خۇددى دەرەخ باراقسىنىدەك ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ جەسىتىنى يېپىۋالغانىكەن. بېلىقچان بۇ يەردىن تېز ئايرىلىپ، سۈيى تولىمۇ سۈزۈك، بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگەن يەرگە بېرىپتۇ. ئانچە ئۇزاق ئۈزمەيلا، ئۇ بىر كىچىك كىتكە يولۇقۇپتۇ، لېكىن ئۇ بېلىقچانغا بەك چوڭ، بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ.

— مېنى يېمىگىن! — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ بېلىقچان، — بەربىر قوۋۇزۇڭدىلا يوق بولۇپ كېتىمەن.

— بۇنچە چوڭقۇر يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ سىلەردەك بېلىقلار بۇ يەرگە كەلمەيتتىغۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ كىت. شۇنىڭ بىلەن، بېلىقچان ئۇنىڭغا يىلانبېلىقمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، ئىشقىلىپ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كەتكەن ھېلىقى نەرسىنىڭ دېڭىزدىكى ئەڭ يۇرەكلىك جانلىقلارنىمۇ قورقۇتۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ۋاھ، ۋاھ! — دەپتۇ كىت ۋە قاتتىق بىر كۈچەپ نۇرغۇن سۇنى سۈمۈرۈپتۇ — دە، بىرلا پۈركۈپ ناھايىتى ئېگىز سۇ تۈۋرۈكىنى ھاسىل قىپتۇ.

— ۋاھ، ۋاھ! — دەپتۇ ئۇ، — مەن تولغانغان چاغدا دۈمبەمنى غەلىتە قىچىشتۇرغان كاساپەت ئەسلىدە شۇ ئىكەن — دە. مەن تېخى كېمىنىڭ ماچتىسىمىكىن دەپتىمەن! لېكىن، ئۇ بۇ يەردە ئەمەس. ناھايىتى يىراقتا ياتماقتا. باشقا ئىشىم بولمىغاندىكىن، ئۇنى بىر تەتقىق قىلىپ باقاي!

شۇنىڭ بىلەن، كىت ئالغا قاراپ ئۈزۈپتۇ، بېلىقچان بىر ئاز ئارىلىق تاشلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ، چۈنكى كىت ئالغا سۈرۈلگەندە، كەينىدە قاينام پەيدا بولىدىكەن.

ئۇلارغا بىر ئاكۇلا بىلەن بىر ھەرە چىشلىق بېلىق ئۇچراپتۇ. ئۇلارمۇ ھېلىقى غەلىتە يىلانبېلىق توغرىسىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇلار بۇ يىلانبېلىقنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما بەك كۆرۈپ باققۇسى بار ئىكەن.

بۇ چاغدا بىر دېڭىز مۈشۈكى ئۈزۈپ كەپتۇ.

— ئەگەر ھېلىقى يىلانبېلىقنىڭ تومۇلۇقى قارماقنىڭكىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بولسا، مەن بىر چىشلەپلا ئۈزۈۋېتىمەن، — دەپتۇ دېڭىز مۈشۈكى ئالتە رەت چىشىنى كۆرسىتىپ، — مەن كېمىنىڭ ياكورىنى



چىشلىسەم، چىشىمنىڭ ئىزى قالىدۇ. ھېلىقى نەرسىنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا چىشلەپ ئۈزۈۋېتەلەيمەن!

— ئەنە، ئۇ ئاۋۇ يەردىكەن! — دەپتۇ كىت، — ئۇنى كۆردۈم! قاراڭلار ئۇنىڭ لەيلەپ تۇرۇشىغا، تولغىنىشلىرىچۇ تېخى!

لېكىن، ئۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ نەرسە ھېلىقى نەرسە ئەمەس، بەلكى تەڭداشسىز چوڭ يىلانبېلىق ئىكەن.

— مەن ئۇنى كۆرگەن! — دەپتۇ ھەرە چىشلىق بېلىق، — ئۇ دېڭىزنى مالىمان قىلىپ ياكى چوڭ بېلىقلارنى قورقۇتۇپ باققان ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن، بۇ يىلانبېلىققا يېڭى كەلگەن ھېلىقى يىلانبېلىقنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇنى ئىزدىگىلى بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

بۇ چاغدا بىر نەرسە ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ، ئۇ

غايەت چوڭ غەلىتە مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن چوڭ ئىكەن.

قارىماققا ئۇ لەيلەۋاتقاندەك، لېكىن ئۇستىدىكى ئارالغا چىقىشقا ئامالسىز قالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇ ياشانغان بىر كىت ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىنى دېڭىز يۇسۇنلىرى بېسىپ كەتكەن، دۈمبىسىدە ئۈمىلىگۈچى ھايۋانلار، يەنە سان ـ ساناقسىز سەدەپ قۇلۇلىلىرى بار بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ قارا تېرىسىنىڭ ئۇستىدە سان ـ ساناقسىز ئاق چېكىتلەرنى پەيدا قىلغانىكەن.

— بىللە بارايلىچۇ، بوۋا، — دەپتۇ ئۇلار قېرى كىتقا، — دېڭىزىمىزغا بىزنى بىزار قىلىدىغان بىر يېڭى بېلىق كەپتۇ.

— مەن يەنىلا ياتقان يېرىمدە يېتىۋېرىشنى بەكرەك خالايمەن! — دەپتۇ قېرى كىت، — مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار! مېنى ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭلار! توغرا، توغرا، مەن ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدىم. دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، دۈمبەمنى سۇ يۈزىدىن چىقارساملا، ئاندىن راھەترەك ھېس قىلىمەن. ئوماق دېڭىز قۇشلىرى كېلىپ چوقۇلىسا تېخىمۇ راھەتلىنىپ كېتىمەن، بەك قاتتىق چوقۇلىمىسىلا بولىدى، بەزىدە ئۇلار تۇمشۇقىنى گۆشۈمگىچە پاتۇرۇۋېتىدۇ. قاراڭلار، دۈمبەمدە بىر قۇشنىڭ پۈتۈن ئىسكىلىتى بار، بۇ قۇش تۇمشۇقىنى بەك چوڭقۇر تىقىۋالغاچقا، دېڭىز تېگىگە چۆككىنىمدە تۇمشۇقىنى تارتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغان. كېيىن، كىچىك بېلىقلار كېلىپ ئۇنى يەپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. مەن ئاغرىپ قالدىم، مېنى تىنچ قويۇڭلار.

— بۇ گەپلەرنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپقان ! — دەپتۇ كىچىك كىت، — مەن زادىلا ئاغرىپ باقمىدىم، بېلىقلار ئاغرىمايدۇ!

— كەچۈر! — دەپتۇ قېرى كىت، — يىلانبېلىقنىڭ تېرە كېسىلى بار، كاراپ بېلىقىغا چېچەك چىقىدۇ، كۆپچىلىكىمىزدە سازاڭسىمان مەددە، ئىلمەكلىك مەددە بار!

— بىلجىرلاشقۇ بۇ! — دەپتۇ ئاكۇلا. قېرى كىتنىڭ گېپىنى ئۇنىڭمۇ، باشقا بېلىقلارنىڭمۇ ئاڭلىغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇلار ئاخىر كابېل ياتقان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ياۋروپادىن ئامېرىكا قىتئەسىگىچە تارتىلغان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن كابېل پاتقاق، خادا تاشلارنى ۋە دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن جايلارنى، ھەتتا قويۇق ئورمانلىقتەك مارجانزارلىقلارنى كېسىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ يەرلەردىكى سۇ ئېقىنى ئۆزگىرىشچان، قايناملىق ئىكەن. بېلىقلار توپ - توپ ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ سانى پەسىل قۇشلىرى كۆچىدىغان پەسىلدە كىشىلەر كۆرىدىغان قۇشلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ ئىكەن. بۇ يەردە خىلمۇخىل ئاۋازلار ياڭراپ تۇرىدىكەن.

سەپەرداشلار ئەنە شۇنداق جايغا يېتىپ كەپتۇ.

— ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ئاۋۇ يەردىكەن ! — دەپتۇ چوڭ - كىچىك بېلىقلار تەڭلا.

ئۇلار كابېلنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ باش - ئاخىرىغا ئۇلارنىڭ كۆزى يەتمەپتۇ. گىدروپولىپلار ۋە مارجان قۇرتلار دېڭىز تېگىدە ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كابېلنىڭ تېگىگە چۈشۈۋالغان، بەزىلىرى ئۈستىگە يېپىشىۋالغانىكەن. دېڭىز كىرپىسى، قۇلۇلە ۋە

سازاڭلار ئۇنى ئورىۋاپتۇدەك، ئۇستىگە بىرمۇنچە ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار چىقىۋالغان غايەت چوڭ بىر ئۆمۈچۈك كابېلغا قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقۇدەك. پاتقاقتا شۇڭغۇپ كىرىۋالغان، ئىككى تال بۇرۇتچىسىنى سوزغان يۇلتۇز بېلىقمۇ ئۇ يەردە يېتىپ، بىردەملىك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن نېمە ۋەقە يۈز بېرىشىنى كۆرۈشنى كۈتۈپ ياتقۇدەك.

تېلېگراف كابېلى ئۆز جايىدا قىمىرلىماي يېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تېنىدە هاياتلىق ۋە تەپەككۇر بار ئىكەن، يەنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ئۇنىڭ ئىچىدە ئېقىپ تۇرىدىكەن.

— بۇ نەرسە بەك هېيلىگەردەك تۇرىدۇ! — دەپتۇ كىت، — ئۇ قورسىقىمغا هۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى قورسىقىم مېنىڭ ئەڭ ئاجىز يېرىم.

— بىز ئالدىغا سۈرۈلۈپ باقايلى، — دەپتۇ گىدروپولىپ، — مېنىڭ بىلىكىم بەك ئۇزۇن، بارماقلىرىم بەك جانلىق. مەن ئۇنىڭغا تېگىپ باققان، ئەمدى ئۇنى چىڭراق تۇتۇپ باقاي دەيمەن.

گىدروپولىپ ئەپچىل بىلىكىنى سوزۇپ كابېلنى چىرمىۋاپتۇ.

— ئۇنىڭ بىرەر تال تەڭگىچىسى، هەتتا تېرىسىمۇ يوق ئىكەن ! — دەپتۇ ئۇ، — مېنىڭچە، ئۇ مەڭگۈ بالىلىق بولالمىغۇدەك.

دېڭىز يىلانبېلىقى كابېلنى بويلاپ يېتىپ، تېنىنى بولۇشىغا سوزۇپ بېقىپتۇ.

— پاھ، ئۇ مېنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئىكەن ! — دەپتۇ ئۇ، — لېكىن، گەپ ئۇزۇنلۇقتا ئەمەس، بەلكى تېرىسى،



قورسىقى ۋە ھاياتىي كۈچى بولۇشتا.

كىچىك كىت ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك چۆكۈپ:

— سەن بىلىقمۇ ياكى ئۆسۈملۈكمۇ؟ ئېيتقىنا، بىزنىڭ بۇ يەردە ياشىيالمايدىغاندەك تۇرامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كابىلدىن.

لېكىن، كابىل جاۋاب بەرمەپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق ئىقتىدارى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ تېنىدە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى بىر سېكۇنت ئىچىدە مىڭ چاقىرىملاپ يول بېسىپ بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە يېتىپ بارىدىكەن.

— جاۋاب بېرەمسەن ياكى ئۇزۇۋېتىلگۈڭ بارمۇ؟ —

دەپ سوراپتۇ قوپال مىجەزلىك ئاكۇلا. باشقا بېلىقلارمۇ ئوخشاش بىر سوئالنى سوراپتۇ:

— جاۋاب بېرەمسەن ياكى ئۆزۈۋېتىلگۈڭ بارمۇ؟

كابېل قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇرى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ ئۆزگىچە تەپەككۇرغا تولۇپ كەتكەنىكەن.

«ئۇلار چىشلەپ ئۈزۈۋەتسە ئۈزۈۋەتسۇن! ئاندىن كېيىن مەن سۈزۈۋېلىنىپ رېمونت قىلىنىمەن. مېنىڭ تۇرداشلىرىم ئىلگىرى دېڭىزنىڭ تېگىدە مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ باققان!»

شۇڭا، كابېل جاۋاب بەرمەپتۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشلىرى بار ئىكەن، يەنى ئۇ تېلېگراف يەتكۈزۈشى، دېڭىز تېگىدە قانۇنلۇق ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى كېرەك ئىكەن.

دېڭىز ئۈستىدە، ئۇيۇقتا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىپتۇ. بۇلۇتلار ئوتقاشتەك نۇر چېچىپ، ئاسماننى سەلتەنەتلىك تۈسكە كىرگۈزۈپتۇ.

— شۇ تاپتا قىزىل نۇر بىزنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ گىدروپولىپ، — بۇنداق بولغاندا، ئاۋۇ نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز!

— ئۇنى چىشلەيلى، چىشلەيلى! — دەپ توۋلاپتۇ دېڭىز مۇشۇكى ھەممە چىشلىرىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنى چىشلەيلى، چىشلەيلى! — دەپتۇ ھەرە چىشلىق بېلىق، كىت ۋە دېڭىز يىلانبېلىقى.

ھەممىدىن بۇرۇن دېڭىز مۇشۇكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلار ئېتىلىپتۇ. دېڭىز مۇشۇكى كابېلنى ئەمدىلا چىشلەي دېيىشىگە، ھەرە چىشلىق

بىلىقنىڭ ھەربىسى ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا قاتتىق سانجىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دېڭىز مۈشۈكىنىڭ كابىلنى چىشلىگۈدەك ماغدۇرى قالماپتۇ.

پاتقاقلىق مالىمانچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. چوڭ - كىچىك بېلىقلار، دېڭىز ئادەمگىياھى ۋە قۇلۇلىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ، بىر - بىرىنى چىشلەشكە، ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. كابىل يەنىلا جىمجىت يېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

كېچە پەردىسى دېڭىز يۈزىگە يېپىلىپتۇ، بىراق دېڭىزدىكى تۈرلۈك - تۈمەن جانلىقلار، ھەتتا يېڭىنچىلىك چوڭلۇقتىكى كىچىك راكلارمۇ يورۇقلۇق چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ غەلىتە ئىش ئىكەن!

دېڭىزدىكى جانلىقلار تېلېگراف كابېلىغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ كاساپەت زادى قانداق نەرسىدۇ؟

بۇ چاغدا بىر دېڭىز كالىسى يېتىپ كەپتۇ. ئىنسانلار ئۇلارنى دېڭىز خانىم ياكى دېڭىز ئەپەندى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بىر دېڭىز خانىم بولۇپ، قۇيرۇقى ۋە سۇ ئۈزۈشتە ئىشلىتىدىغان ئىككى تال قىسقا بىلىكى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىدا دېڭىز يۇسۇنى ۋە قۇلۇلە تۈردىكى جانلىقلار بار ئىكەن، ئۇمۇ شۇ تۈپەيلى پەخىرلىنىدىكەن.

— سىلەرنىڭ ئانچە - مۇنچە بىلىم ئۆگەنگۈڭلار بارمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنداقتا، مەنلا ئۆگىتەلەيمەن. لېكىن، بىر تەلىپىم بار: مېنىڭ ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ دېڭىز تېگىدە ئەركىن ئوتلىشىمىزغا ئىجازەت قىلىڭلار. مەن سىلەرگە ئوخشاشلا بىر بېلىق، ئوخشاشلا

ئۆمىلىگۈچى ھايۋان. مەن دېڭىزدىكى ئەڭ ئەقىللىق ھايۋان، دېڭىز تېگىدىكى نەرسىلەرنىڭمۇ، دېڭىز ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭمۇ ھەممىسىنى بىلىمەن. سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى قاتۇرۇۋاتقان نەرسە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈك ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن نەرسە بولىدۇ. ئۇنى شۇ يەردە ياتقىلى قويۇڭلار، ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ بىر كەشپىياتىدىنلا ئىبارەت!

— مېنىڭچە، ئۇ ئۇنداق نەرسە ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ بېلىقچان.

— ئاغزىڭنى يۇم، ماككېرېل! — دەپتۇ دېڭىز بېلىقى.

— توغرا، سەن ئاغزىڭنى يۇم! — دەپتۇ باشقا بېلىقلارمۇ بېلىقچانغا قاتتىق تېگىپ.

شۇنىڭ بىلەن، دېڭىز كالىسى ئۇلارنى بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغان نەرسىنىڭ پەقەت قۇرۇقلۇقتىكى بىر خىل كەشپىيات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. دېڭىز كالىسى يەنە ئىنسانلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى توغرىسىدا بىرمۇنچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇلار بىزنى تۇتۇشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ئۇلارنىڭ ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى. ئۇلار تور تاشلايدۇ، قارماققا يەمچۈك ئىلىپ بىزنى قىزىقتۇرىدۇ. ئاۋۇ نەرسە بىر خىل ناھايىتى توم يىپ، ئۇلار بىزنى ئۇنى چىشلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار بەك دۆت، چۈنكى بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز! بۇ كېرەكسىز نەرسىگە ھەرگىز چېقىلماڭلار. ئۇ تۇرۇۋەرسە چىرىيدۇ ـ دە، بىر دۆۋە پاتقاققا ئايلىنىدۇ. ئۈستىدىن

چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چاتىقى بار، بۇزۇلغان كېرەكسىز نەرسىلەر!

— راست كېرەكسىز ئىكەن! — دەپتۇ ھەممە دېگىز جانلىقلىرى دېگىز كالىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

بېلىقچان ئۆز پىكرىدە قاپتۇ: «بۇ ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە نەرسە بەلكىم دېگىزدىكى ئەڭ ئاجايىپ بېلىق بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭدە شۇنداق تەسىرات بار.»

— ئەڭ ئاجايىپ نەرسە بۇ! — دەيدىكەن ئىنسانلارمۇ، ئۇلار بىلىم ۋە دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسەن شۇنداق دەيدىكەن.

شېئىر ۋە رىۋايەتلەردە ئىنسانلار خېلى بۇرۇنلا بۇ دېگىز يىلانبېلىقىنى تىلغا ئالغانىكەن.

ئۇ ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەر تەرىپىدىن دېگىزغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ئۇ شەرق ئەللىرىدىن غەرب ئەللىرىگىچە سوزۇلۇپ ئۈچۈر يەتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭ سۈرئىتى يورۇقلۇقنىڭ قۇياشتىن يەر شارىغا يېتىپ كېلىشتىكى سۈرئىتىدەك تېز ئىكەن. ئۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، كۈچ - قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ يېتىلىۋېتىپتۇ. ئەينەكتەك سۈزۈك دېگىز تېگىدە ياتقان بۇ بوغما يىلان بارلىق دېگىز - ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەر شارىنى ئوراپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا لىق تولغانىكەن، تۇرلۈك تىللار بىلەن ياخشى - يامان ئىشلارنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن دېگىز تېگىدىكى بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاجايىپ نەرسە ئىكەن.

# باغۋەن بىلەن خوجايىن

پايتەختكە ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىر كونا قورۇق بار ئىكەن. قورۇقنىڭ تاملىرى قېلىن ئىكەن، مۇنار ۋە تاش تاملار بار ئىكەن.

ناھايىتى باي، مەرتىۋىلىك بىر ئائىلىدىكىلەر ياز كۈنلىرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىدىكەن. قورۇق سىرتىدىن قارىغاندا يېڭىدىنلا بىنا قىلىنغاندەك كۆرۈنىدىكەن، ئىچى ئازادە، راھەتبەخش ئىكەن. دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاشقا جەمەت گېربى ئويۇلغانىكەن. جەمەت گېربى ۋە دېرىزىلەرنىڭ ئەتراپى چىرايلىق ئەتىرگۈللەر بىلەن ئورالغانىكەن. قورۇقتىكى ئىمارەتنىڭ ئالدىدا چىملىق بولۇپ، گىلەمدەك تۈز ئىكەن. قورۇقتا قىزىل دولانا، ئاق دولانا، ئەتىۋارلىق گۈل تۈرلىرى بار ئىكەن.

قورۇق خوجايىنى ئىشچان، ئەقىللىق بىر باغۋەننى

گۈللۈك، مېۋىلىك باغ ۋە كۆكتاتلىقنى باشقۇرۇشقا ياللىۋاپتۇ. باغۋەننىڭ پەرۋىشىدە بۇ جايلار ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ. باغۋەن سەمشىت دەرەخلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىپ، قالغانلىرىنى كېسىپ - قىرقىپ تاج ياكى پىرامىدا شەكىلگە كەلتۈرۈپتۇ. سەمشىتلىكنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىككى تۈپ ئېگىز دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلار تاپتاقىر بولۇپ قالغان بولۇپ، بوران ياكى قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەلگەن كاللەك - كاللەك ئەخلەتلەر ئېسىلىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. لېكىن، بۇ ئەخلەتلەر قۇشلارنىڭ چاڭگىلىرى ئىكەن.

قايسىبىر يىللاردا، بىر توپ ئاق تۇمشۇق قاغا ۋە قاغىلار بۇ ئۇۋىلارنى سالغانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ يەر قاغا دۇنياسىغا ئايلىنىپ، ئۇلار قورۇقتىكى ئەڭ قەدىمكى جەمەت بولۇپ قالغانىكەن. قورۇقتىكى ئادەملەر بەزىدە ئۇلارنى ئوق ئېتىپ ئۈركۈتۈپ، ئەنسىز قاقىلدىتىۋەتسىمۇ، ئۇلار يەنىلا چىداپ ياشاۋېرىدىكەن.

باغۋەن كۆپ قېتىم خوجايىنىغا بۇ ئىككى تۈپ كۆرۈمسىز دەرەخنى كېسىۋېتىپ، قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىدىن قۇتۇلۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. لېكىن، خوجايىن دەرەخلەرنى كېسىۋېتىشكىمۇ ئۇنىماپتۇ، قاغىلاردىن قۇتۇلۇشنىمۇ خالىماپتۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاشۇ قاغا ۋە چاڭگىلار قورۇقتا كەم بولسا بولمايدىغان، قەدىمدىن تارتىپ بار نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز يوقىتىۋېتىشكە بولمايدىكەن.

— راسىبېن، بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ قاغىلارنىڭ مىراسخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىگىلىكى، ئۇلارنى



تۇرغىلى قويايلى ! — دەپتۇ خوجايىن باغۋەنگە، — گۈللۈك، پارنىك، مېۋىلىك باغ، كۆكتاتلىقنى سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزغا تاپشۇردۇم، بۇلار سىزگە يەتمەمدۇ يا؟

خوجايىن راسسېننىڭ يۇقىرىقىلارنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىۋاتقانلىقىدىن رازى ئىكەن، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە يېگەن مېۋىلەر، كۆرگەن گۈللەرنىڭ ئۆزىنىڭ بېغىدىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىق دەپتۇ. بۇ گەپ راسسېننىڭ كۆڭلىنى بەك غەش قىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى پەرۋىش قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىدىن ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇ سەممىي، ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق ئىكەن.

بىر كۈنى خوجايىنى راسسېننى چاقىرىپ، مۇلايىم، ئەمما خوجايىنلىق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دەپتۇ:

— راسسېن، تۈنۈگۈن دوستۇمنىڭكىدە بىر خىل ئالما ۋە نەشپۈت يېدىم، بەك شىرىنلىك، بەك تەملىك ئىكەن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي

ماختىنىشىپ كەتتى. بۇ مېۋىلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەس، لېكىن بىزنىڭ كىلىماتىمىز مۇۋاپىق كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنى كىرگۈزۈپ يەرلىكلەشتۈرسەك بولىدۇ. بۇ مېۋىلەر شەھەردىكى ئەڭ چوڭ مېۋە دۇكىنىدا سېتىلىدىكەن. سىز شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ، ئاشۇ ئالما ۋە نەشپۈتلەرنىڭ نەدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ كېلىڭ، ئاندىن كۆچەت ياكى ئۇلاق قىلغىلى بولىدىغان شېخىنى زاكاز قىلىڭ.

راسسېن ھېلىقى مېۋە دۇكىنىنى ئوبدان بىلىدىكەن، چۈنكى ئۇ قورۇقتىكى ئارتۇقچە مېۋە - چېۋىلەرنى مۇشۇ دۇكانغا سېتىپ بېرىدىكەن.

باغۋەن شەھەرگە كىرىپ، مېۋە دۇكىنىدىكىلەردىن ماختاشقا سازاۋەر بولغان ھېلىقى ئالما ۋە نەشپۈتلەرنى قەيەردىن كىرگۈزگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ئۆزىڭىزنىڭ بېغىنىڭ مېۋىلىرىغۇ ئۇ! — دەپتۇ دۇكان خوجايىنى ۋە ئالما بىلەن نەشپۈتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ.

باغۋەن قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال قايتىپ كېلىپ، خوجايىنغا بۇ مېۋىلەرنىڭ مۇشۇ باغنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، راسسېن، — دەپتۇ خوجايىن زادىلا ئىشەنمەي، — سىز دۇكان خوجايىنىغا يازما ئىسپات يازدۇرالامسىز؟

— ئەلۋەتتە ! — دەپتۇ باغۋەن ۋە شەھەرگە كىرىپ ئىسپاتنامە يازدۇرۇپ كەپتۇ.

— بۇ بەك دىققەت قىلىدىغان ئىش ئىكەن ! — دەپتۇ خوجايىن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى خوجايىنىنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چوڭ تاۋاقتا ئالما بىلەن نەشپۈت تىزىلىدىغان بوپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بېغىنىڭكى ئىكەن، ئۇلار يەنە شەھەردىكى ۋە شەھەر سىرتىدىكى، ھەتتا چەت ئەللەردىكى دوستلىرىغا بۇ مېۋىلەرنى چېلەك - چېلەكلەپ سوۋغا قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەن! لېكىن، شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويايكى، ئۇدا ئىككى يازدا ھاۋا مېۋىلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلگۈدەك بۆلەكچە ياخشى بوپتۇ، شۇڭا پۈتۈن مەملىكەتتە مېۋە - چېۋە ياخشى ھوسۇل بېرىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى خوجايىن ئوردىغا زىياپەتكە بېرىپتۇ. ئەتىسى ئۇ باغۋەننى چاقىرىپ، زىياپەتتە بىر خىل شىرنىلىك تاۋۇز يېگەنلىكىنى، بۇ تاۋۇز پادىشاھنىڭ پارنىكىدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ:

— سىز ئوردا باغۋىنىنىڭكىگە بېرىپ كېلىڭ، راسسېن، ئاشۇ قىممەتلىك تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقىدىن ئازراق بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

— لېكىن، ئوردا باغۋىنى تاۋۇز ئۇرۇقىنى بىزنىڭكىدىن ئېلىپ كەتكەن تۇرسا! — دەپتۇ باغۋەن خۇشال قىياپەتتە.

— ئۇنداق بولسا، بۇ باغۋەن بۇ مېۋىنىڭ سورتىنى چوقۇم يېڭىلىغان گەپ! — دەپتۇ خوجايىن، — ئۇ تاۋۇزنىڭ تەمى ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن!

— شۇنداق، تەقسىر، مەن پەخىرلىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ باغۋەن، — ئوردا باغۋىنى بۇ يىل تېرىغان تاۋۇز تۈزۈك ھوسۇل بەرمىدى. ئۇ بىزنىڭ تاۋۇزنى تېتىپ

باققاندىن كېيىن، ئۈچ تاۋۇزنى ئوردىغا ئېلىپ كەتكەنىدى.

— راسسىن، ئاشۇ تاۋۇزلار بىزنىڭ باغنىڭ دەپ قارامسىز؟

— شۇنداق! — دەپتۇ باغۋەن. ئۇ ئوردا باغۋەنلىكىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئوردا زىياپىتىگە تىزىلغان تاۋۇزلارنىڭ مۇشۇ قورۇقنىڭكى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىسپاتنامە يازدۇرۇپ كەپتۇ.

بۇ ئىش خوجايىننى قاتتىق ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ يۈرمەي، ئىسپاتنامىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپتۇ، يەنە تېخى ئالما ۋە نەشپۈت كۆچەتلىرىنى كىشىلەرگە سوۋغا قىلغانغا ئوخشاش، تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنىمۇ سوۋغا قىپتۇ.

كېيىن، ئۇلار ئاشۇ كۆچەتلەرنىڭ ياخشى ئايىنىپ مېۋە بەرگەنلىكى، تاۋۇزلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ بېغىدىكى تاۋۇزلارغا ئوخشاشلا تاتلىق ئىكەنلىكىنى، يەنە تېخى بۇ مېۋىلەرگە مۇشۇ قورۇقنىڭ نامى بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ.

— باغۋىنىمىز ئۆزىنى بەكلا قالتىس چاغلاپ قالمىغىيدى! — دەپتۇ خوجايىن.

باغۋەن ھەرگىز ئۇنداق قىلماپتۇ. ئۇ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى باغۋەن دەپ نام ئاپتۇ. ھەر يىلى ئۇ يېڭى - يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. لېكىن، كىشىلەردىن «ئەڭ دەسلەپكى ھېلىقى ئىككى مېۋە سورتى ئەڭ ياخشى سورت ئىكەن، كېيىنكىسى ئۇلارغا زادىلا يەتمەيدۇ، تاۋۇزمۇ شۇنداق» دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خوجايىن:

— بۇ يىلقى ئىشىمىز ئەپلەشمەي قالدىمۇ نېمە، راسسىن ؟ ! — دەپتۇ.

ھەر ھەپتىدە راسسېن مېھمانخانا ئۆيگە بىر - ئىككى قېتىم گۈل ئېلىپ كېلىدىكەن. ھەر قېتىمدا رەڭلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ تىزغان گۈللەر تولىمۇ نەپىس، نازاكەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى چوڭ خرۇستال تەشتەكنى ئېلىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭغا ياتما نىلۇپەر تىكىلگەن بولۇپ، نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى ئۇستىدە خۇددى ئاپتاپپەرەستەك رەڭدار چوڭ نىلۇپەر گۈلى بار ئىكەن، توم نىلۇپەر غولى سۇغا چىلىنىپ تۇرىدىكەن.

— ياھ، ھىندىستان نىلۇپىرىغۇ بۇ! — دەپ تۇۋلىۋېتىپتۇ خوجايىن.

ئۇلار بۇ گۈلنى كۈندۈزى ئاپتاپتا، ئاخشىمى چىراغ نۇرىنىڭ ئاستىدا قويۇپ قويىدىغان بوپتۇ، بۇ گۈلنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى بۆلەكچە ئوماق ۋە ئەتىۋارلىق ھېس قىلىدىكەن. ھەتتا بۇ مەملىكەتتىكى چىرايلىق ئاياللار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەقىللىق ۋە ئاق كۆڭۈل مەلىكىمۇ شۇنداق قارايدىكەن. شۇڭا، خوجايىن نىلۇپەرنى مەلىكىگە تەقدىم قىپتۇ.

خوجايىن گۈللۈككە بېرىپ ئاشۇ نىلۇپەرگە ئوخشاش گۈلدىن بىرنى ئۈزمەكچى بوپتۇ، ئەمما بۇنداق گۈلنى تاپالماپتۇ. ئۇ باغۋەننى چاقىرىپ، نىلۇپەرنى نەدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سوراپ:

— مەن ئىزدەپ زادىلا تاپالمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ، —

پارنىكقا بېرىپ باقتىم، گۈللۈكنىمۇ ئالا قويماي ئىزدىدىم !

— شۇنداق، بۇ گۈل ئۇ يەردە يوق، — دەپتۇ باغۋەن، — ئۇ كۆكتاتلىقتىكى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر خىل گۈل! لېكىن، بەك چىرايلىق، شۇنداقمۇ؟ قارىماققا، ئۇ كۆك رەڭلىك كاكتۇس گۈلگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ پۇرچاق تۇرىدىكى كېپىنەكگۈل، خالاس !

— سىز بۇ گەپنى بىزگە بالدۇرراق دېيىشىڭىز كېرەك ! — دەپتۇ خوجايىن، — بىز ئۇنى چەتتىن كەلتۈرۈلگەن بىر خىل ئەتىۋارلىق گۈل دەپ قاپتۇق. سىز مېنى مەلىكىنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلىدىغان بولدىڭىز! مەلىكە ئۆيۈمگە كەلگەندە ھېلىقى گۈلنى كۆرۈپ بەك چىرايلىقكەن دەپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قانداق گۈل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. مەلىكىنىڭ بوتانىكا بىلىمى مول، ئەمما بۇ پەنىنىڭ كۆكتاتلىقتا ئۆسىدىغان كۆكتاتلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بۇنداق گۈلنى مېھمانخانىغا تىزىپ قويۇش قانداقلارچە خىيالىڭىزغا كەلگەن بولغىيدى، ئەمدى بۇ ئىش مېنى ئوسال قىلىدىغان بولدى !

كېيىن، خوجايىن ئوردىغا بېرىپ، ھېلىقى گۈلنىڭ بىر خىل كۆكتاتگۈل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، مەلىكىدىن ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە شۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىنىڭ باغۋىنىنى تازا ئەدەپلەپ قويغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇنى ئەدەپلىمىسىڭىز بوپتىكەن ! — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنى



ئېچىپ، كىشىلەر زادىلا دىققەت قىلمايدىغان بىر خىل چىرايلىق گۈلنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ بىز كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل گۈزەللىكنى نامايان قىلىپ بەردى! ئەگەر بۇ گۈل ئېچىلىپلا تۇرىدىغان بولسا، ئۇردا باغۋەنىنى ھەر كۈنى ھۇجرامغا بىر تال كېپىنەكگۈل ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇيمەن!

ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلىپتۇ. خوجايىن ئۇردىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باغۋەنگە ھەر كۈنى مېھمانخانا ئۆيگە كېپىنەكگۈل ئەكىرىپ قويسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

«راست گەپنى قىلغاندا، بۇ گۈل چىرايلىق ئىكەن! — دەپتۇ خوجايىن ئۆز - ئۆزىگە، — بەكلا ئۆزگىچە ئىكەن! لېكىن، مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئەتىۋارلىغىنىمىزدىن راسسېن ئۆزىنى بىلەلمەي قالارمىكىن دەيمەن!»

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قاتتىق بوران چىقىپتۇ. كېچىسى بوران تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ، ئورمانلىقنىڭ چۆرىسىدىكى نۇرغۇن دەرەخ بوراندا غۇلاپ چۈشۈپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاغىلار چاڭگا سالغان ھېلىقى ئىككى تۈپ چوڭ دەرەخمۇ بار ئىكەن. ئاق تۇمشۇق قاغا ۋە قاغىلار ئېچىنىشلىق قاقىلدىشىپتۇ.

— ئەمدى خۇش بولغانسىز، راسسېن، — دەپتۇ خوجايىن، — بوران دەرەخلەرنى ئۆرۈۋەتتى، قۇشلارمۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. بۇ يەردىكى كونا كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدى، مەن بەك ئازابلىنىۋاتىمەن!

باغۋەن ئۈندىمەپتۇ، بىراق كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ. ئۇ

گۈزەل، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدىغان بۇ يەردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، باغچىنىڭ پەخرىگە، خوجايىنىنىڭ خۇشاللىقىغا ئايلاندۇرماقچى بوپتۇ.

باغۋەن بۇ يەرگە نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىپتۇ، ھەممىسى شۇ ئەلنىڭ بولۇپ، ئېتىزلىق ۋە ئورمانلىقتىن يۆتكەپ كېلىنگەنىكەن.

ھەرقانداق باغۋەن بۇ قورۇقتا شۇنچە كۆپ ئۆسۈملۈك كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىكەن، ئەمما راسسېن شۇنداق قىپتۇ. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغاچقا، دەل - دەرەخلەر باراقسان بوپتۇ.

نېدىرلاند دالاسىدىكى ئارچىلارنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى ئىتالىيىدىكى ئارچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇمۇ كۆپ تىكەنلىك بولۇپ، قىش - ياز كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. ئالدى تەرەپكە تۈرلۈك پېتىرىدلار تېرىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى پالما دەرىخىنىڭ بالىلىرىدەكلا ئىكەن، بەزىلىرى بىز «ۋېناسنىڭ چېچى» دەپ ئاتايدىغان تال - تال سارچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشايدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەر قاراپمۇ قويمايدىغان قېرىقىزلارمۇ بار ئىكەن، بىراق ئۇلار شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ گۈلدەستە قىلىپ تىزغۇچىلىكى بار ئىكەن. يەنە پاقىيوپۇرماق، ئاقچېچەك، لاندىش گۈل، تۇياقسىمان نېلۇپەر بار بولۇپ، بۇ يەر ھەقىقەتەن مەشھۇر مەنزىرىلىك جاي ئىكەن.

راسسېن فرانسىيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نەشپۈت كۆچەتلىرىنى بىر رەت قىلىپ تىكىپتۇ. ئۇلار قۇياش نۇرىدىن تولۇق بەھرە ئالغاچقا ۋە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي تاتلىق، شىرنىلىك مېۋە



بېرىپتۇ. ھېلىقى ئىككى تۈپ قاقشال دەرەخنىڭ ئورنىنى ئېگىز بايراق خادىسى ئاپتۇ. خادا ئۈستىدە قىزىل تەگلىكلىك ئاق كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن دانىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بايراق خادىسىغا يەنە بىر خادا يېقىن تىكىلگەن بولۇپ، ياز كۈنلىرى ۋە كۈزلۈك يىغىم مەزگىللى كەلگەندە، ئۇنىڭغا چىرمالغان ياۋا قۇلماق غوللىرىدا قۇلماقگۈللەر ئېچىلىپ كېتىدىكەن. لېكىن، قىش كەلگەندە، قەدىمكى

ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن، ئۇچارقۇشلارنىڭ مىلاد بايرىمىدا تويغۇدەك ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن، خادىغا بىر باغلام سۇلۇ باغلاپ قويۇلىدىكەن.

ــ راسىتىن يېشى چوڭايغانسېرى كۆڭۈلچەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! ــ دەپتۇ خوجايىن.

ــ لېكىن، ئۇ بىزگە بەك سادىق، بەك سەمىمىي !

يېڭى يىلدا پايتەختتىكى بىر رەسىملىك ژۇرنالغا بۇ قەدىمىي قورۇق توغرىسىدىكى بىر پارچە رەسىم بېسىلىپتۇ. رەسىمدىن بايراق خادىسىنى، قۇشلارنىڭ مىلاد بايرىمىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن خادىغا باغلاپ قويۇلغان سۇلۇنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ژۇرنالدا، قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەت بۇ يەردە قوغدالماقتا ۋە ۋارىسلىق قىلىنماقتا، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، شۇنىڭدەك ئۇ قەدىمىي قورۇققا تولىمۇ ماس كېلىدىكەن، دەپ يېزىلغانىكەن.

ــ راسىتىن قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، ــ دەپتۇ خوجايىن، ــ ئۇ تولىمۇ بەختلىك ئادەم! ئۇنى ئىشلەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ پەخىرلىنىمىز!

ئەمەلىيەتتە خوجايىن ئازراقمۇ پەخىرلەنمەيدىكەن! ئۇ مەن دېگەن خوجايىن، خالىسام راسىپىننى ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيمەن، دەپ قارايدىكەن. لېكىن، ئۇلار بۇنداق قىلماپتۇ، چۈنكى ئۇلار يەنىلا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىكەن.

مانا بۇ مېنىڭ سىزگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان «باغۋەن بىلەن خوجايىن» ناملىق چۆچىكىم. ئەمدى سىز بۇ توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

# پالەچ بالا

بىر قەدىمىي قورۇقتا بىر ئائىلە كىشىلىرى ياشايدىكەن، ئۇلار ياش ھەم يۇز - ئابرۇيلۇق، ناھايىتى پۇلدار ھەم بەختلىك ئىكەن. ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ شاد - خۇرام ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ھەم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى خالايدىكەن، ھەممە كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆڭۈللۈك ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

مىلاد بايرىمى كېچىسى، قەدىمىي رىتسارلار زالىدا ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەن بىر ئارچا دەرىخى قەد كۆتۈرۈپتۇ. تام مەشتە ئوت يالقۇنجاپ كۆيۈپتۇ، قەدىمىي رەسىم رامكىلىرىنىڭ ئەتراپىمۇ شەمشاد شاخلىرى بىلەن زىننەتلىنىپتۇ. خوجايىن ۋە مېھمانلار بۇ يەرگە جەم بوپتۇ، ئۇلار ناخشا ئېيتىشىپتۇ، تانسا ئوينىشىپتۇ.

كەچقۇرۇن بولغاندا، خىزمەتكارلار خانىسىمۇ مىلاد بايرىمىنى تەبرىكلەش شادلىقىغا چۆمۈپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىر تۇپ چوڭ شەمشاد بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىدە قىزىل، ئاق شاملار ياندۇرۇلغانىكەن، يەنە دانىيىنىڭ كىچىككىنە دۆلەت بايرىقى، قەغەز قىيما ئاق قۇ ۋە «ياخشى نەرسە»لەر قاچىلانغان بېلىق تورى بار ئىكەن. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى شۇ رايوندىكى نامراتلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئانىلىرى باشلاپ كەلگەنىكەن. ئانىلار مىلاد دەرىخىگە ئانچە قاراپ كەتمەي، زىياپەت داستىخىنىغا بەكرەك زەن سېلىپتۇ.

بۇ مېھمانلار چۈشتىن خېلى بالدۇرلا كەلگەنىكەن. ئۇلار بايراملىق شورپا، غاز كاۋىپىغا ئېغىز تېگىپتۇ. مىلاد دەرىخىدىكى شاملار يېقىلىپ، سوۋغاتلار تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىر رومكىدىن ئەبجەش ھاراق ۋە بىر پارچىدىن ئالما قاتلىمىسىغا ئېرىشىپتۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىق باسقان ئۆيلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزگەن «ياخشى كۈنى»، يەنى بۇگۈنكى يېمەكلىكلەر توغرۇلۇق سۆزلەشكەچ، ئېرىشكەن سوۋغاتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقىپتۇ.

مېھمان بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئوۋل ۋە كرىستىن ئىسىملىك ئىككى باغۋەنمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىكەن. ئۇلار خوجايىنىنىڭ قورۇقىدا ئىشلەيدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان تۇرالغۇسى ۋە يەيدىغان بولكىسى بار ئىكەن. ھەر يىلقى مىلاد بايرىمىدا ئۇلار ناھايىتى جىق سوۋغاتلارغا ئېرىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ

بەش بالىسى بار ئىكەن، بەشىلىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى خوجايىن بەرگەنىكەن.

— تۆت بالىمىزنىڭ كىيگۈدەك ياخشى كىيىم ـ كېچەكى بار بولدى، — دەپتۇ ئوۋۇل، — لېكىن خوجايىن نېمىشقا بىزنىڭ پالەچكە كىيىم بەرمىگەندۇر؟ خوجايىن ئىلگىرى دائىم ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى، ئۇ زىياپەتكە قاتناشمىسىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

ئوۋۇلنىڭ «پالەچ» دېگىنى باللارنىڭ تۇنجىسىنى كۆرسىتىدىكەن، كىشىلەر ئۇنى «پالەچ» دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىكەن، بىراق ئۇنىڭ ئىسمى خانىس ئىكەن.

خانىس كىچىك چېغىدا بەك ئەقىللىق، بەك شوخ بالا ئىكەن. بىراق، ئۇ پۇتى تۇيۇقسىزلا «پالەچ» بولۇپ قېلىپ ئورنىدىن تۇرالمايدىغان، ماڭالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كارىۋاتتا ياتقىنىغا بەش يىل بوپتۇ.

— ئۇنىڭغا تېگىشلىكىمۇ بار، — دەپتۇ كرىستېن، — لېكىن بۇ ھېچقانچە قالتىس نەرسىمۇ ئەمەس، بىر كىتاب ئىكەن.

— لېكىن، بۇ نەرسە ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالمايدۇ ـ دە ! — دەپتۇ ئوۋۇل.

لېكىن، خانىس بۇ كىتابنى بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بالا ئىكەن، كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، ھەر ۋاقىت كارىۋاتتا ياتىدىغان خانىسمۇ بىرئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇربى يەتكۈدەك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ قولى بەك ئەپچىل ئىكەن، ئۆزىگە يۇڭ پايپاق توقۇيدىكەن، يەنە تېخى پالاسمۇ توقۇيالايدىكەن. قورۇقىنىڭ ئايال



خوجايىنى ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايدىكەن، ھەتتا ئۇ توقۇغان پالاسنىمۇ سېتىۋالغانىكەن.

خانىسىنىڭ ئېرىشكەن سوۋغىتى بىر ھېكايە كىتاب ئىكەن. كىتابتا كىشىنى ئويغا سالىدىغان، ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن.

— بىزنىڭ ئۆيگە كىتاب دېگەننىڭ ئازراقمۇ پايدىسى يوق! — دەپتۇ ئاتا ـ ئانىسى، — لېكىن، ئۇ ئوقۇۋەرسۇن، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەر. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە پايپاق توقۇپلا كۈن ئۆتكۈزسە

بولماس.

باھار كەپتۇ. گۈللەر غۇنچىلاپ، يوپۇرماقلار بىخلىنىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر چاقچاقلىشىپ دەپ ئاتايدىغان ياۋا ئۆسۈملۈكمۇ بىخلىنىپتۇ.

قورۇقتا گۈلچى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسىگىلا ئەمەس، ئەر - خوتۇن باغۋەن ئوۋل بىلەن كرىستىپىنغىمۇ قىلغۇدەك نۇرغۇن ئىش چىقىپتۇ.

— ھېرىپ ئۆلىدىغان بولدۇق ! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — چىملىقنى ئەمدىلا رەتلەپ قويساق، كىشىلەر دەسسەپ قالايمىقان قىلىۋېتىپتۇ. مېھمانلار قورۇققا تاشقىندەكلا بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى كۆتۈۋېلىشقا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ - ھە ! خوجايىنىغۇ پۇلدار ئادەم.

— پەرۋەردىگار تەقسىماتتا ھەقىقەتەن ئادىل بولماپتۇ! — دەپتۇ ئوۋل، — پوپ بىزگە كۆپچىلىك ئوخشاشلا پەرۋەردىگارنىڭ پەرزەنتى دەيدۇ، بىراق نېمە ئۇچۇن بۇنداق پەرق بولىدۇ؟

— بۇ ئىنسانلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىدىن ! — دەپتۇ كرىستىپن.

كەچتە ئۇلار شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، خانىم كارىۋىتىدا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن.

جاپالىق تۇرمۇش، ئېغىر ئەمگەك خانىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قوللىرىنى قاداق باستۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان ھۆكۈم ۋە قاراشلىرىنىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلار كەيپىياتىنى تىزگىنلەشكە، باش قېتىنچىلىقلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، گەپ - سۆزلىرىدە ئاغرىنىش، غەزەپلىنىش پۇرىقى ئاۋۇپ

كېتىپتۇ.

— بەزى كىشىلەر باي، بەختلىك، يەنە بەزى كىشىلەر نامرات ياشاۋاتىدۇ. بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز قانداق بولاركىن دېگەندەك قىلىپ پەرۋەردىگارغا قارشىلىق قىلىپ قويغان بولسا، نېمىشقا بۇ گۇناھنىڭ دەردىنى بىز تارتقۇدەكمىز؟ يا بىز ئۇلاردەك قالايمىقان ئىش قىلمىغان تۇرساق!

— بۇ ناتايىن، بىزنىڭمۇ سەۋەنلىكىمىز باردۇ، — دەپتۇ خانىس تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ، — بۇ كىتابتا ھەممىسى دېيىلىپتۇ.

— كىتابتا نېمە دېيىلىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتا ـ ئانىسى.

خانىس ئۇلارغا ئوتۇنچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ھەققىدىكى قەدىمىي ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ: ئۇلارمۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ قىزىقىشىنى ئەيىبلەپ، بۇ ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى دېيىشىۋاتقانىكەن، دەل شۇ چاغدا پادىشاھ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە ئۇلارغا: «مەن بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مېنىڭكىگە ئوخشاش كۈن كۆرىسىلەر. ھەر قېتىملىق غىزايىڭلاردا يەتتە خىل قورۇما بولىدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىلىمۇ بار. ئۇ قاپقاقلىق قاچىدا، ئۇنى ئېچىشىڭلارغا بولمايدۇ، ئاچساڭلارلا، باياشاتلىقىڭلار غايىب بولىدۇ!» دەپتۇ. ئوتۇنچى خوتۇنى بىلەن ئوردىغا بېرىپتۇ. «قاپقاقلىق قاچىدىكى نېمىدۇ؟» دەپتۇ ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى. «بۇنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق !» دەپتۇ ئوتۇنچى. «ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، لېكىن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ

ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىدىكەن. نېمىشقا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ باقساق بولمايدىغاندۇر؟ ئىچىدە چوقۇم ياخشى نەرسە بارغۇ دەيمەن !» دەپتۇ خوتۇنى. «ھەرھالدا ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەر قورال بولۇپ قالمىسىلا بولدىغۇ، مەسىلەن، بىر تاپانچا بولۇپ قېلىپ، ‹پاڭ› قىلىپ ئېتىلىدىغان بولسا !...» دەپتۇ ئوتۇنچى. خوتۇنى ئىختىيارسىز: «ۋايجان !» دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ۋە بۇ قاچىغا قول تەگكۈزمەپتۇ. لېكىن، كېچە بولغاندا ئۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ ھېلىقى قاچىنىڭ ئاغزىنىڭ ئاچقانلىقىنى، قاچىدىن توي ياكى دەپنە مۇراسىملىرىدا كىشىلەر ئىچىدىغان خۇشبۇي ئەبجەش ھاراقنىڭ پۇرىقىنىڭ گۈپپۈلدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قاچىدا يەنە بىر تال چوڭ تىللامۇ بارمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە: «بۇ قاچىدىكى ئەبجەش ھاراقنى ئىچسەڭلار، دۇنيادىكى ئەڭ پۇلدار ئادەمگە ئايلىنىسىلەر، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يالاڭ تۆشكە ئايلىنىدۇ !» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە چۈشىنى ئېرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. «سەن بۇ ئىشنى بەك كۆپ ئويلاپ كېتىپسەن» دەپتۇ ئېرى. «بىز ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ باقايلىچۇ !» دەپتۇ خوتۇنى. «بوپتۇ، ئېھتىيات قىل !» دەپتۇ ئېرى. شۇنىڭ بىلەن، خوتۇنى قاپقاقنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپتۇ، ئەمدىلا ئېچىشىغا، ئىككى چاشقان سەكرەپ چىقىپ، بىر چاشقان كامىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. «خەيرلىك كەچ ! — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمدى ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلىساڭلار بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى تىللاپ يۈرمەڭلار، سىلەرمۇ

ئوخشاشلا قىزىقتىڭلار، ئوخشاشلا ياخشىلىقنى بىلمىدىڭلار!»

— بۇ ھېكايە قانداق بولۇپ بۇ كىتابقا كىرىپ قالغاندۇر؟ — دەپتۇ ئوۋل، — ھېكايىدە سۆزلەنگىنى بىزدەكلا قىلىمىز، ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساق بولغۇدەك !

ئەتىسى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئىشقا بېرىپتۇ. قۇياش ئۇلارنى قىزدۇرۇپتۇ، كېيىن يامغۇر ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تېخىمۇ ئاغرىنىپتۇ. تېخى گۇگۇم چۈشمىگەندە، ئۇلار سۇتلۇك شوۋىگۇرۇچ ئىچىپتۇ.

— بىزگە ئوتۇنچىنىڭ ھېكايىسىنى يەنە سۆزلەپ بەر! — دەپتۇ ئوۋل خانىسقا.

— كىتابتا ياخشى ھېكايىلەر كۆپ ئىكەن ! — دەپتۇ خانىس، — سىلەر بىلمەيدىغان ھېكايىلەر بەك كۆپ، بەك كۆپ ئىكەن !

— باشقىلىرىغا ئانچە تاۋىمىز يوق ! — دەپتۇ ئوۋل، — ئادەم دېگەن كالا سۇتىگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى سۇپەتلىك پىشلاققا ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى چۈچۈمەل قېتىق بولىدۇ! بۇ خۇددى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشتا تەلىيى كەلگىنىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى مول داستىخانلىق تاماق شىرەسىدە ئولتۇرىدۇ، غەم - قايغۇ دېگەننى بىلمەيدۇ، ھېچنېمىدىن خىجالەت تارتمايدۇ.

خانىسنىڭ پۈتى كارغا كەلمىگىنى بىلەن، كاللىسى بەك ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا كىتابتىكى «غەم - ئەندىشىسىز ئادەم» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ. بۇ

ھېكايىدە مۇنۇلار سۆزلەنگەنىكەن:

بىر پادىشاھ قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر كۆڭلەكنى كىيگۈزۈش كېرەك ئىكەن، بىراق بۇ كۆڭلەك ھەقىقىي غەم - ئەندىشىسىز ئادەمنىڭ كۆڭلىكى بولۇشى شەرت ئىكەن، بولمىسا پادىشاھنىڭ كېسىلى شىپاھ تاپالمايدىكەن.

ئوردا ھەرقايسى ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ. غەم - ئەندىشىسىز ئادەمنى بارلىق بايلارنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەپتۇ، ئەمما ئەۋەتىلگەنلەر ئىنچىكىرەك سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەلۇم قايغۇ - ھەسرەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياكى ئاللىقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلار ئىكەن.

«مېنىڭ ئازراقمۇ غەم - ئەندىشەم يوق!» دەپتۇ بىر پادىچى بالا ۋە پىخىلداپ كۈلگىنىچە ناخشا ئېيتىپتۇ.

«ئۇنداق بولسا، بىزگە كۆڭلىكىڭنى بەرگىن، — دەپتۇ ئەلچى، — پادىشاھ ساڭا پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ.»

«مېنىڭ كۆڭلىكىم يوق، ئەمما ئەڭ بەختلىكمەن!» دەپتۇ پادىچى بالا.

— بۇ بالا بەك قالتىسكەن! — دەپتۇ ئۇۋۇل ئەر - خوتۇن كۈلۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۈلۈپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىكەن.

بۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

— پاھ، بەك خۇشال كۆرۈنىسىلەرغۇ؟ — دەپتۇ ئۇ، — بۇ سىلەرنىڭ ئائىلە ئۈچۈن راستىنىلا بىر



يېڭىلىق. سىلەرگە لاتارى مۇكاپاتى چىقتىمۇ يا؟

— ئۇنداق ئىش يوق! — دەپتۇ ئوۋل، — خانىس بىزگە ھېكايە ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ غەم - ئەندىشىسىز بىر بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەردى، ئۇنىڭ ھەتتا كۆڭلىكىمۇ يوق ئىكەن. بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ كۆلىۋېرىپ

كۆزىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ ھېكايىدىن قارىغاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غېمى بولىدىكەن، غەمسىز ئادەم بولمايدىكەن. ئادەم ئۇچۇن بۇ بىر تەسەللى ئىكەن.

— بۇ كىتاب قانداق بولۇپ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالدى؟

— بۇلتۇرقى مىلاد بايرىمىدا خوجايىن خانىمىسقا سوۋغا قىلغان. بىلەمسىز، خانىس پالەچ بولغىنى بىلەن، كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق. شۇ چاغدا بىز ئەسلىدە ئۇنىڭ بىرەر قۇر كىيىمگە ئېرىشىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان. لېكىن، ئەمدى بىلسەك، بۇ كىتاب بەك ئاجايىپ ئىكەن، ئۇ كاللىمىزدىكى ھەممە سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىكەن!

مەكتەپ مۇدىرى كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاپتۇ.

— بىزنى ھېلىقى ھېكايىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغىلى قويۇڭ، — دەپتۇ ئوۋل، — مەن تېخى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. خانىس يەنە بىزگە ئوتتۇنچىنىڭ ھېكايىسىنىمۇ ئوقۇپ بېرىشى كېرەك.

ئوۋل ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ھېكايىلا يېتەرلىك ئىكەن. ئىككى ھېكايە ئوۋل ئەر - خوتۇننىڭ ۋەيرانە ئۆيىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى خۇددى ئىككى قۇياشقا ئوخشاش يورۇتۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىدىن ئازاب ھېس قىلاتتىكەن.

خانىس بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىپتۇ، يەنە كۆپ قېتىم ئوقۇپتۇ. كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇنى تاشقى دۇنياغا باشلاپ بېرىپتۇ. پۈتى ئۇنىڭ دېگىنىگە بويسۇنمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇ يەرلەرگە مېڭىپ

بارالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

مەكتەپ مۇدىرى خانىسنىڭ كارىۋىتىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، بۇ ئۇلار ئىككىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ، خانىسنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشقا كەتكەن چاغلاردا، مەكتەپ مۇدىرى خانىسنىڭ قېشىغا پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق كېلىشى خانىس ئۈچۈن بىر ۋاخلىق مەززىلىك غىزادەكلا ئىكەن. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ كۆلىمى ۋە دۇنيادىكى مەملىكەتلەر توغرىسىدا، قۇياشنىڭ يەر شارىدىن بەش يۈز مىڭ ھەسسىدەك چوڭ ئىكەنلىكى، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك - بەك يىراق ئىكەنلىكى، توپ ئوقىنىڭ قۇياشتىن يەر شارىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن يىگىرمە بەش يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقى، ئەمما نۇر سەككىز مىنۇتتىلا يەر شارىغا يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدىكەن. خانىس ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىكەن.

ھازىر تىرىشىپ ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى بۇ بىلىملەرنى بىلىدۇ، ئەمما خانىس ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇلار ھەقىقەتەن يېڭىلىق بولۇپ، ھېلىقى ھېكايە كىتابىتىكىلەردىنمۇ قىزىق ئىكەن.

مەكتەپ مۇدىرى يىلدا بىر - ئىككى قېتىم قورۇق خوجايىنىنىڭ تەكلىپى بويىچە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ھېلىقى ھېكايە كىتابىنىڭ ئاشۇ نامرات ئائىلىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭدىكى

ئىككى ھېكايىنىڭ بۇ ئائىلىدىكىلەرنى ئويغاتقانلىقى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ھېلىقى تېنى ئاجىز، ئەمما ئەقىللىق ئوغۇل بالا ھەر قېتىم ھېكايە ئوقۇغاندا، بۇ ئائىلىدىكىلەر چوڭقۇر ئوي ۋە خۇشاللىققا چۆمىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەكتەپ مۇدىرى قايتىدىغان چاغدا، ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا پارقىراپ تۇرغان ئىككى كۈمۈش تەڭگىنى بېرىپ، خانىسقا بېرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— بۇلارنى ئاتا - ئاناڭغا بەرگىنىڭ تۈزۈك! — دەپتۇ مەكتەپ مۇدىرى خانىسقا تەڭگىلەرنى بېرىۋېتىپ.

ئوۋل بىلەن كىرىستېن:

— ئوغلىمىز پالەچ بولغىنى بىلەن، كارغا ياراپ قالدى، بەختكىمۇ ئېرىشتى! — دېيىشىپتۇ.

بىر كۈنى خانىسنىڭ ئاتا - ئانىسى قورۇققا ئىشلىگىلى كەتكەندە، خوجايىننىڭ پەيتۇنى ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختاپتۇ، ئارقىدىن ساخاۋەتلىك ئايال خوجايىن پەيتۇندىن چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مىلاد بايرىمىلىق سوۋغىتىنىڭ خانىس ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا شۇنچە تەسەللى بولغانلىقىدىن خۇش بولغانىكەن.

بۇ قېتىم ئايال خوجايىن بولكا، مېۋە ۋە بىر شىشە قىيام ئېلىپ كەلگەنىكەن. خانىسنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېلىپ كەلگەن قەپەس بوپتۇ. يالتىراپ تۇرغان بۇ قەپەستە بىر كىچىك قۇش بار ئىكەن، ئۇ بەك يېقىملىق سايرايدىكەن. قەپەس خانىسنىڭ كارىۋىتىدىن نېرىراقتىكى كونا كىيىم

ئىشكاپىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلسا، خانىس قۇشنى ئېنىق كۆرەلەيدىكەن، سايرىشىنى ئېنىق ئاڭلىيالايدىكەن.

ئايال خوجايىن كەتكەندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن باغۋەنلەر ئىشتىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار خانىسنىڭ بەك خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئەمما ئۇلار ئايال خوجايىن خانىسقا ئېلىپ كەلگەن سوۋغات بىزگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ، دەپ قاراپتۇ.

— پۇلى بار خەقلەر بۇنچە كۆپ ئويلاپ كەتمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — ئەمدى بىز قۇشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك، خانىس ئۇنى بېقىشقا ئامالسىز. ئاخىر بىر كۈنى بۇ قۇشنى مۈشۈك يەپ كېتىشى مۇمكىن!

سەككىز كۈن ئۆتۈپتۇ، يەنە سەككىز كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇ مەزگىلدە مۈشۈك ئۆيگە نەچچە قېتىم كىرىپتۇ، ئەمما ئۇ قۇشنى قورقۇتماپتۇ، زەرەرمۇ يەتكۈزمەپتۇ. كېيىن، بىر چوڭ ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئىشلىگىلى كېتىپ، خانىس ئۆيدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ ھەممە ئارزۇسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بېلىقچىنىڭ خوتۇنى توغرىسىدىكى چۆچەكنى ئوقۇۋاتقانىكەن. چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە، بېلىقچىنىڭ خوتۇنى كېنەز بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، كېنەز بوپتۇ، پادىشاھ بولماقچى بولسا، پادىشاھ بوپتۇ. لېكىن، كېيىن ئۇ خۇدا بولۇشنى ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ۋەيرانە كەپىدە پۇچۇق تەخسە بىلەن قاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ چۆچەكنىڭ قۇش ياكى مۈشۈك بىلەن

ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەن، ئەمما خانىس دەل مۇشۇ چۆچەكنى ئوقۇۋاتقاندا ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ چۆچەكنى زادىلا ئۇنتۇماپتۇ.

شۇ چاغدا، قەپەس ئىشكاپ ئۈستىگە قويۇقلۇق، مۇشۇك سارغۇچ يېشىل كۆزلىرىنى قۇشقا تىككىنىچە يەردە ياتقانىكەن. مۇشۇكنىڭ چىرايىدىن خۇددى قۇشقا: «سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، سېنى يەۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ!» دېگەندەك ئىپادە چىقىپ تۇرغانىكەن. بۇ ئىپادىنى كۆرگەن خانىس:

— پەش! يوقال! ئۆيدىن چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇشۇك سەكرەشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك تۇگۇلۇپتۇ.

خانىسنىڭ قولىدا قىممەتلىك كىتابىدىن باشقا مۇشۇككە ئاتقۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇ كىتابنى مۇشۇككە قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئەمما كىتاب پارە - پارە بولۇپ، مۇقاۋىسى ۋە ۋاراقلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. مۇشۇك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئارقىغا بىرقانچە قەدەم چېكىنىپ، خۇددى: «سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، خانىس! مەن ماڭالايمەن، سەكرىيەلەيمەن، ئەمما سەن بۇنداق قىلالمايسەن!» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپتۇ.

مۇشۇككە تىكىلىپ ياتقان خانىسنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام بوپتۇ، قۇشمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئۇياق - بۇياققا سەكرەپتۇ. مۇشۇك يەنە سەكرەشكە ھازىرلىنىپتۇ. خانىس يوتقان كىرلىكىنى پۇلاڭلىتىپ بېقىپتۇ، لېكىن مۇشۇك پەرۋا قىلماي ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە، ئاندىن دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە سەكرەپ

چىقىپتۇ. ئۇ يەر قەپەسكە يېقىن ئىكەن.

خانىس تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلارنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى قەپەستىكى قۇشتا بولغاچقا، بۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. لېكىن، ئۇ يا كارىۋاتتىن ئايرىلالمىسا، يا ئورنىدىن تۇرالمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟! ئۇ مۇشۇكنىڭ دېرىزە تەكچىسىدىن ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، قەپەسكە قول ئۇزاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، يۈرىكى بەدىنىنىڭ ئىچىدە پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

خانىس قاتتىق ۋارقىراپتۇ - دە، بىردىنلا كارىۋاتتىن سەكرەپ قوپقان پېتى ئىشكاپقا قاراپ ئېتىلىپ مۇشۇكنى قوغلىۋېتىپتۇ، ئاندىن قەپەسنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

شۇ چاغدا، خانىسنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ چۆچۈگەن ھەم خۇشال بولغان ھالدا:

— مەن ماڭالايدىغان بولدۇم ! مەن ماڭىدىغان بولدۇم ! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەپتۇ. بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن، مانا، بۇ ئىش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەردى ئەمەسمۇ!

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىكەن. خانىس قەپەسنى كۆتۈرگىنىچە، يالاڭ ئاياغ پېتى ئۇنىڭكىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

— ئاھ، تەڭرىم ! مەن ماڭالايدىغان بولدۇم ! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ بۇرنىنى تارتقىنىچە.



ئەر ـ خوتۇن باغۋەنلەرنىڭ ئۆيى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

— بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق كۈن بولمايدۇ! — دەپتۇ ئۇلار.

قورۇق خوجايىنى خانىسنى چاقىرتىپتۇ. خانىسنىڭ قورۇققا بارىدىغان يولدا مېڭىپ باقمىغىنىغا خېلى يىللار بولغانىكەن. ئۇنىڭغا تونۇشلۇق دەل ـ دەرەخلەر ۋە چاتقاللار گويا ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ سالام بېرىۋاتقاندەك، «ياخشىمۇسەن، خانىس، سېنى قارشى ئالىمىز!» دەۋاتقاندەك قىپتۇ. قۇياشمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا، ئۇنىڭ قەلبىگە نۇر چېچىپتۇ.

قورۇقنىڭ ئەر ـ خوتۇن خوجايىنلىرى خانىسنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. گويا



خانس ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەكلا، ئۇلارمۇ بەك خۇشال ئىكەن. لېكىن، ھەممىدىن خۇشال بولغىنى خانسقا كىتاب سوۋغا قىلغان، چىرايلىق سايرايدىغان قۇش سوۋغا قىلغان ياش ئايال خوجايىن ئىكەن. ھېلىقى ۋەقەدە قەپەستىكى قۇشقاچ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ خانسىنىڭ ساقىيىشىغا سەۋەب بوپتۇ. ھېكايە كىتاب خانس ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پىكرىنى نۇرلاندۇرۇپتۇ. شۇڭا، خانس

بۇ كىتابنى ئۆمۈر بويى ساقلاپ ئوقۇشقا، قېرىغاندىمۇ شۇنداق قىلىشقا نىيەت قىپتۇ. ئەمدى ئۇمۇ كارغا كەلگۈدەك بولۇپ قالغاچقا، بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئويلاپتۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر: «ئەڭ ياخشىسى كىتاب تۈپلەشنى ئۆگىنەي، شۇنداق قىلسام، ھەممە يېڭى كىتابنى ئوقۇيالايمەن!» دەپتۇ.

چۈشتىن كېيىن، خوجايىن خانىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە خانىسنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن خوجايىنلار: «خانىس تەقۋادار ۋە ئەقىللىق بالا، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بار، شۇنىڭدەك چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ يۇقىرى، پەرۋەردىگار ھەر ۋاقىت ياخشى ئىشقا مەدەتكار بولىدۇ» دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە خانىسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قورۇقتىن خۇشال قايتىپ كەپتۇ، بولۇپمۇ ئانىسى كىرىستىيىن بەك خۇش ئىكەن. لېكىن، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يىغلاپتۇ، چۈنكى خانىس ئوقۇشقا بارىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى بەك يىراق بولۇپ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ نېرىسىدا ئىكەن. خانىس ئۇ يەردە لاتىن تىلى ئۆگىنىدىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇنى نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆرەلەيدىكەن.

خانىس ھېلىقى ھېكايە كىتابنى ئېلىپ كەتمەي، ئاتا ـ ئانىسىغا خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. دادىسى دائىم ئۇنى ئوقۇيدىغان بوپتۇ، ئەمما ھەر قېتىم كىتاب ئوقۇغاندا، ھېلىقى ئىككى چۆچەكنى ئوقۇماي قويمايدىكەن، چۈنكى بۇ ئىككى چۆچەك ئۇنىڭغا بەك تونۇشلۇق ئىكەن، شۇنىڭدەك ئۇنى ئۇلار بەك

ياقتۇرىدىكەن.

خانىس ئۇلارغا پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇپتۇ، خەتلىرى بىر - بىرىدىن كۆڭۈللۈك ئىكەن. ئۇ ياخشى كىشىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋېتىپتۇ، تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇنى ئۆزىنىڭ مەكتەپكە كىرگەنلىكى، مەكتەپتە ئۆگىنىشكە ۋە بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئەڭ خۇشال قىلىدىكەن. ئۇ ھازىر يۈز ياشقىچە ياشاشنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەكتەپ مۇدىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

— ئىلاھىم بىزگىمۇ شۇ كۈننى كۆرۈشنى نېسىپ قىلغاي! — دەپتۇ ئاتا - ئانىسى بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە.

— خانىسنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگۈدەك! — دەپتۇ ئوۋۇل، — پەرۋەردىگارنىڭ قەلبىدە نامراتلارنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىكەن! بىر پالەچنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇ نۇقتا گەۋدىلەندى! بۇ ئەھۋال خانىس بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابتا يېزىلغانلارغا ئوخشامدۇ، يوق؟

# بۇزۇن ئانا

بىر ئوغۇل بالا زۇكام بولۇپ قاپتۇ. ئۇ سىرتتا ئويناپ يۈرۈپ پۇتلىرىنى ھۆل قىلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ پۇتىنى قانداق قىلىپ ھۆل قىلىۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ، چۈنكى شۇ كۈنى يامغۇرمۇ ياغمىغانىكەن. ئاپىسى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن بىر ئىستاكان بۇزۇن چېيى دەملەپ بەرمەكچى بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇزۇن چېيىنىڭ بەدەننى قىزدۇرىدىغان خۇسۇسىيىتى بار ئىكەن. دەل شۇ چاغدا، بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تۇرىدىغان قوشنا بوۋاي كىرىپ كەپتۇ. ئۇ يالغۇز تۇرىدىكەن، ئايالىمۇ، بالىسىمۇ يوق ئىكەن، بىراق ئۇ بالىلارنى، بىرەر - ئىككىسىنى ئەمەس، ھەممە بالىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن چۆچەك

ۋە ھېكايىلەرنى ئېيتالايدىكەن، ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدىكەن.

— بولدى، چېيىڭنى ئىچ، — دەپتۇ ئانا ئوغلىغا، — بەلكىم ئۇ ساڭا بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بېرەر.

— يېڭى ھېكايە سۆزلەپ بېرەلىگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى! — دەپتۇ بوۋاي كۈلۈپ ۋە، — شاكىچەك قانداق قىلىپ پۇتىنى ھۆل قىلىۋالغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنى دەڭا، قانداق قىلىپ ھۆل قىلىۋالغاندۇ؟ — دەپتۇ ئانا، — يا ئۆزى دېمىدى، يا ھېچكىم بىلەلمىدى.

— ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغۇل بالا.

— بولىدۇ، ئەمما سەن مەكتەپكە بارىدىغان ھېلىقى كوچىنىڭ ياقىسىدىكى ئېرىقنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ماڭا ئەينەن ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— توپتوغرا ئوشۇقۇمغىلا كېلىدىكەن، — دەپتۇ ئوغۇل بالا، — لېكىن، ئەڭ چوڭقۇر يېرى شۇنچىلىك ئىكەن!

— قاراڭ، ئۇ دەل شۇ يەردە پۇتىنى ھۆل قىلىۋاپتۇ، — دەپتۇ بوۋاي بالىنىڭ ئاپىسىغا، ئاندىن بالىغا قاراپ، — بولدى، ئەمدى ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك، ئەمما راستتىنلا مېنىڭدە سۆزلىگۈدەك نەرسە قالمىغاندى! — دەپتۇ.

— توقۇسىڭىز بولىدىغۇ، — دەپتۇ ئوغۇل بالا، — ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، سىز نېمىنى كۆرسىڭىز، شۇنى چۆچەك قىلىپ توقۇيالايدىكەنسىز، قولىڭىز نېمىگە تەگسە، شۇنى ھېكايە قىلىپ سۆزلىيەلەيدىكەنسىز.

— شۇنداق، ئەمما ئۇنداق چۆچەك - ھېكايىلەر تازا قۇلاقىقا يېقىپ كەتمەيدۇ. ھەقىقىي چۆچەك - ھېكايىلەر ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بېشىمنى نوقۇپ تۇرۇپ: «بىز كەلدۇق !» دەيدۇ.

— بېشىڭىزنى نوقۇي دەۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغۇل بالا. ئاپىسى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە چەينەككە ئازراق بۇزۇن چېيى سېلىپ، قايناق سۇ قۇيۇپتۇ.

— ئېيتىپ بېرىڭا، ئېيتىڭا !

— ماقۇل، چۆچەكنىڭ ئۆزى كەلسە ئېيتىپ بېرەي، بىراق چۆچەك دېگەن كاساپەت بەك ھاكاۋۇر، خۇشال بولغاندىلا كېلىدۇ. توختاپ تۇر ! كەلدى، كەلدى، پەخەس بول، شۇ تاپتا چەينەكنىڭ ئىچىدە بىرى بار ئىكەن !

ئوغۇل بالا چەينەككە قاراپتۇ، چەينەكنىڭ ياپقۇچى كۆتۈرۈلۈپتۇ، كۆتۈرۈلۈپتۇ، بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، چەينەكنىڭ ئىچىدىن بۇزۇن گۈلى چىقىپتۇ. ئۇ ھەم يېڭى، ھەم ئاپئاق ئىكەن، چەينەكنىڭ جوغىسىدىن توم بۇزۇن شاخلىرى ئۆسۈپ چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە يېيىلىپ، بارغانسېرى يوغىناپ، ئەڭ گۈزەل بۇزۇن دەرىخىگە ئايلىنىپتۇ. بۇزۇن دەرىخى كارىۋات تەرەپكە قاراپ ئۆسۈپ، چىمىلدىقنى ئىككى ياققا قايرىپتۇ. ئۇنىڭدا غۇچچىدە گۈللەر ئېچىلىپ، ئاجايىپ خۇش پۇراق چېچىپتۇ. دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزگىچە كىيىنىۋالغان بىر مېھرىبان موماي ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى بەكلا يېشىل بولۇپ، خۇددى بۇزۇن يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىكەن، ئۇستىگە چوڭ - چوڭ، ئاپئاق بۇزۇن گۈللىرى كەشتىلەنگەنىكەن. مۇنداقلا قارىغاندا، بۇنىڭ

يا كىيىم، يا يوپۇرماق ۋە ياكى گۈل ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن.

— بۇ خانىمنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغۇل بالا.

— ھىم، رىملىقلار، يۇنانلىقلار ئۇنى درىئات دەپ ئاتىشىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي، — بىراق، مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن. يېڭى تۇرالغۇ رايونىدىكىلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق ئىسىم قويۇپ، «بۇزۇن ئانا» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى، مانا بۇ خانىم بۇزۇن ئانىنىڭ ئۆزى شۇ. پەخەس بول، زەن قويۇپ ئاڭلىغىن، ئاۋۇ گۈزەل بۇزۇن دەرىخىگە قارىغىنا!

بوۋاي سەل توختىۋېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— يېڭى تۇرالغۇ رايونىدا دەل مۇشۇنداق باراقسان بۇزۇن دەرىخى بار. ئۇ بىر نامرات ئائىلىنىڭ ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆسكەن. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاشۇ بۇزۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدا، بىر جۈپ بوۋاي - موماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى بەك - بەك قېرىپ كەتكەن ماتروس، يەنە بىرى ئۇنىڭ بەك - بەك قېرىپ كەتكەن خوتۇنى ئىدى. ئۇلار ئالللىبۇرۇن بوۋا - موما بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پات ئارىدا ئالتۇن توي خاتىرە كۈنى تەبرىكلىنەتتى، لېكىن ئۇلار بۇ كۈنىنىڭ قاچان ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق بىلمەيتتى. بۇزۇن ئانا دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى بۈگۈنكىدەك خۇشال قىياپەتتە: «ئالتۇن توي خاتىرە كۈنۈڭلارنىڭ قاچان ئىكەنلىكىنى مانا مەن بىلىمەن!» دەپتۇ، بىراق ئۇلار ئاڭلىماپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى كۈنلىرىنى

ئەسلىشىۋاتقانىكەن.

«شۇنداق، ئېسىڭدىمۇ؟ — دەپتۇ پېشقەدەم ماتروس، — ئۇ چاغدا بىز تېخى كىچىك باللار ئىدۇق، ھەممىلا يەردە چېپىپ، سەكرەپ - تاقلاپ ئويناپ يۈرەتتۇق. ھازىر بىز ئولتۇرۇۋاتقان مۇشۇ كىچىك ھويلىدا دەرەخ شاخلىرىنى توپىغا سانجىپ، كۆچەت تىكىش ئويۇنى ئويناپتتۇق.»

«ئېسىمدە، — دەپتۇ موماي، — ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە! بىز تىككەنلىرىمىزنى سۇغىراتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرى بۈزۈن شېخى ئىدى. ئۇ يىلتىز چىقىرىپ، يېشىل نوتا چىقارغانىدى، مانا ھازىر ئۇ كاتتا دەرەخ بولۇپ كەتتى، ھازىر بىز شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپتىمىز.»

«شۇنداق، شۇنداق! — دەپتۇ پېشقەدەم ماتروس، — ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر داس بولىدىغان، مەن ئۆزۈم ئويۇپ ياسىغان قېيىقنى ئۇنىڭغا سېلىپ ئويناپتتىم، كاساپەت بەك ياخشى ئۈزەتتى! كېيىن، مەن راستتىنلا دېڭىزدا قاتناپدىم، ئەلۋەتتە بۇ داستا قېيىق ھەيدەش بىلەن پەقەت ئوخشىمايدىكەن!»

«توغرا، لېكىن بىز ئاۋۋال مەكتەپكە كىرىپ ئازراق بىلىم ئۆگەندۇق» دەپتۇ موماي.

«بىر قېتىم بىز قول تۇتۇشۇپ يۇمىلاق مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كوپېنھاگېننى ۋە دېڭىز سىرتىدىكى بىپايان دۇنيانى تاماشا قىلدۇق. كېيىن، مەن دېڭىزچى بولدۇم. بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىمگە بىرقانچە يىل ۋاقىت كېتەتتى، ھەر قېتىمدا يىراق - يىراقلارغا باراتتىم.»



«شۇنداق، مەن دائىم سېنى سېغىناتتىم، سېنى ئويلىساملا يىغلىغۇم كېلەتتى! — دەپتۇ موماي، — مەن سېنى ئۆلۈپ كەتتى، چوڭقۇر دېڭىزنىڭ تېگىدە ياتىدۇ، دېڭىز سۈيى ئۇياق - بۇياقلارغا لەيلىتىپ يۈرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. نۇرغۇن كېچىلەردە چۆچۈپ ئويغىنىپ

ئۆملەپ قوپۇپ، ئايلىنىۋاتامدىكىن دەپ فلىيوگېرغا قارايتتىم. ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم، ئەمما سەن قايتىپ كەلمەيتتىڭ ! ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئەخلەت توشۇيدىغان ئىشچىلار مەن خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئائىلىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان چاغدا، مەن ئەخلەت چېلىكىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتىم، ئەمما ئىشىكتە تۇرۇپ قالدىم. ھاۋا بەك ناچار ئىدى، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىمدا، پوچتىكەش كېلىپ ماڭا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى. بۇ سېنىڭ خېتىڭ ئىكەن ! ئۇ نۇرغۇن تاغ - دەريا، دېڭىز - ئوكيانلارنى ئاتلاپ بۇ يەرگە كەپتۇ. مەن دەرھال كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدۇم، خېتىڭنى ئوقۇۋېتىپ دەم كۈلدۈم، دەم يىغلىدىم. شۇ چاغدا مەن بەكلا خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. خېتىڭدە سەن قەھۋە پۇرچىقى ئۆسىدىغان ئىسسىق بەلباغقا يېتىپ بارغانلىقىڭنى يېزىپسەن. ئۇ يەر بەك گۈزەل بولسا كېرەك ! سەن نۇرغۇن - نۇرغۇن سۆزلەرنى يېزىپسەن، مەن ھەممىنى ئوقۇدۇم. يامغۇر چېلەكلەپ چۈشۈۋاتاتتى، مەن يەنە شۇ جايدا تۇراتتىم، ئەخلەت چېلىكى يېنىمدا ئىدى. تۇيۇقسىز بىرى بېلىمنى قۇچاقلىۋالدى...»

«توغرا، سەن ئۇنى بىر كاچات سالدىڭ، چاڭگىدە بىرنى سالدىڭ !»

«سېنىڭ ئىكەنلىكىڭنى بىلمىدىم - دە ! سەن خېتىڭ بىلەن تەڭلا يېتىپ كەپسەن، يەنە تېخى بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن. سەن ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك چىرايلىق... كاستۇمۇڭنىڭ تۆش

يانچۇقىدىن سېرىق رەڭلىك يىپەك قولياغلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پارقىراپ تۇرىدىغان شىلەپە كىيىۋالغانىدىكەن. سەن ھەقىقەتەن بەك قالتىس بولۇپ كەتكەنىدىكەن.»

«كېيىن بىز توي قىلدۇق! — دەپتۇ پېشقەدەم ماتروس، — ئېسىڭدىمۇ؟ كېيىن بىزنىڭ تۇنجى ئوغلىمىز تۇغۇلدى، كېيىن مارىيە، نىلىس، پېتېر ۋە خانسلار تۇغۇلدى.»

«توغرا، ئۇلار چوڭ بولغاندا، ناھايىتى ياراملىق ئادەم بولدى، ھەممە كىشى ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»

«كېيىن ئۇلارمۇ بالىلىق بولدى، ھەممىسىنىڭ بالىلىرى بار بولدى!»

«ھەئە، كېيىن نەۋرىلىرىمىزمۇ بالىلىق بولدى، بىر - بىرىدىن ئوماق دېگىنە! ھېس قىلىشىمچە، دەل مۇشۇ پەسىلدە بىزنىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنىمىزنى تەبرىكلىشىمىز كېرەكقۇ دەيمەن؟»

«دەل شۇنداق، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنۈڭلار!» دەپتۇ بۈزۈن ئانا بېشىنى بوۋاي - مومايىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ. ئۇلار قوشنا ئايال بېشىنى لىڭشىتىۋاتىدۇ دەپ قاپتۇ. ئىككىسى بىر - بىرىگە بېقىشىپتۇ، قوللىرىنى تۇتۇشۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى كەپتۇ. ئۇلار بۇ كۈننىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سەھەردىلا ئۇلارنى تەبرىكلەپ بولغان، بىراق بوۋاي - موماي كۆپ يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماي ئېسىدە شۇ پېتى ساقلىيالىغىنى بىلەن، بۈنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

بۈزۈن گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىپتۇ، كۈن

ئۆلتۈراي دەپ قاپتۇ. كۆن نۇرى بوۋاي ــ موماينىڭ چىرايىدا جىلۋە قىپتۇ. بۇزۇن ئانا ئۇلارنى قۇتلۇقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

ــ لېكىن، بۇنى چۆچەك دېگىلى بولمايدۇغۇ! ــ دەپتۇ بوۋاينىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ياتقان ئوغۇل بالا.

ــ توغرا، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ لېكىن، بۇنىڭ چۆچەك ــ چۆچەك ئەمەسلىكىنى بۇزۇن ئانىدىن سوراپ كۆرسەك قانداق؟

ــ بۇ چۆچەك ئەمەس! ــ دەپتۇ بۇزۇن ئانا، ــ بىراق، ھازىر چۆچەكمۇ بار بولدى! ئاشۇ راست دەرەختە ئەڭ ئاجايىپ ــ غارايىپ چۆچەكلەر ئۆسىدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، مېنىڭ چىرايلىق شاخ ــ يوپۇرماقلىرىم چەينەكنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقمىغان بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بۇزۇن ئانا ئوغۇل بالىنى كارىۋاتتىن تۇرغۇزۇپ باغرىغا بېسىپتۇ، غۇچچىدە گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن بۇزۇن شاخلىرى ئۇلارنى ئارىسىغا ئاپتۇ، شۇ تاپتا بۇزۇن شاخلىرى يازدا سالقىندايدىغان كىچىك ئۆيگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇلار بۇزۇن ئانا بىلەن ئوغۇل بالىنى ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئاسمان ھەقىقەتەن چەكسىز گۈزەل ئىكەن. بۇزۇن ئانا بىردىنلا ئوماق قىزچاققا ئايلىنىپتۇ، بىراق ئۇستىدە يەنىلا يېشىل رەڭلىك، ئاق گۈللۈك كىيىم بار ئىكەن، مەيدىسىگە بىر تال راست بۇزۇن گۈلىنى قادىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ بۇدۇر چاچلىرى ئۇستىگە بۇزۇن گۈلچەمبىرىكى قوندۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ، زەڭگەر

ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئوغۇل بالا قۇچاقلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېشىمۇ، بوي - تۇرقىمۇ تەڭ دېگۈدەك بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە شاخ - يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق باغچىسىغا كىرىپتۇ. يۇمران چىملىقنىڭ يېنىدا دادىسىنىڭ ھاسىسى بىر قوزۇققا باغلاقلىق تۇرغۇدەك، ئىككى بالا ھاسىغا جان كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ. ئۇلار ھاسىغا مىنگەنىكەن، پارقىراپ تۇرغان ھاسا بىردىنلا كىشنەپ تۇرغان ئارغىماققا ئايلىنىپتۇ - دە، ئۇزۇن قارا يالىنى لەپىلدىتىپ، ئۇزۇن، مەزمۇت پۇتلىرى بىلەن توختىماي يەرنى تېپىپتۇ. ئارغىماق ناھايىتى قاۋۇل، ناھايىتى روھلۇق ئىكەن. ئۇلار ئارغىماققا مىنىپ چىملىقنى ئايلىنىپ چېپىشقا باشلاپتۇ. پاھ، نېمىدېگەن پەيزى!

— بىز نۇرغۇن يول باستۇق! — دەپتۇ ئوغۇل بالا، — بىز بۇلتۇر بارغان ھېلىقى چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق!

ئۇلار چىملىقنى ئايلىنىپ چېپىۋېرىپتۇ، قىزچاق (بىز ئۇنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بۇزۇن ئانا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز) ھە دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مانا، سەھراغا يېتىپ كەلدۇق، سىز ئاۋۇ دېھقان ئۆيىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ خۇددى تامدا تىكلەپ قويۇلغان چوڭ تۇخۇمدەكلا كۆرۈنىدىكەن. بۇزۇن دەرەخلىرى باراقسان شاخلىرى بىلەن ئۆينى يېپىۋاپتۇ، خوراز ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ مېكىيانلارغا دان ئىزدەۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ نوچى تۇرقىغا قاراڭ! ئەمدى بىز چېركاۋغا

كېلىپ قالدۇق، ئۇ تاغ قاپتاللىرىدىكى دۇب ئورمانلىقىغا سىلىنغانىكەن، بىر تۈپ دۇب دەرىخىنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك قۇرۇپ كېتىپتۇ! ئەمدى بىز تۆمۈرچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدۇق. تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدا ئوت يالقۇنجاۋېتىپتۇ. يالىڭاچلىنىۋالغان ئاۋۇ ئەر كىشى ھەدەپ بازغان ئۇرۇۋېتىپتۇ، ئوت ئۇچقۇنلىرى تەرەپ – تەرەپكە چاچراۋېتىپتۇ. چاپ، ئارغىمىقىم، چاپ! بىزنى چىرايلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپار!

ھاسىنىڭ ئارقىغا مىنىۋالغان قىزچاق قەيەرنى كۆرسەتسە، ئوغۇل بالا شۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىگە كۆز تاشلاپتۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا چىمىلىقنى ئايلىنىۋاتقانىكەن. ئاندىن كېيىن، ئۇلار يول بويىدىكى چىغىر يولدا ئويناپ، يەرگە بىر كىچىك گۈللۈكنى سىزىپتۇ. قىزچاق چاچلىرىدىن گۈللەرنى ئېلىپ گۈللۈككە تىكىپتۇ. گۈللەر بىردەمدىلا پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئوغۇل بالا بىلەن قىزچاق خۇددى يېڭى ئاھالىلەر رايونىدىكى ھېلىقى بىر جۈپ بوۋاي – مومايىنىڭ كىچىك چېغىدىكىگە ئوخشاش قول تۇتۇشۇپتۇ. ئاندىن كېيىن، قىزچاق ئوغۇل بالىنى بېلىدىن قۇچاقلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆككە كۆتۈرۈلۈپ پۈتكۈل دانىيىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ، تىنىماي سەپەر قىلىپ باھارنى ئۆتكۈزۈپتۇ، يەنە يازنى ئۆتكۈزۈپتۇ، كۈزلۈك يىغىم ۋاقتى كەپتۇ، قىشمۇ كەپتۇ. ئوغۇل بالىنىڭ كۆزلىرى ۋە قەلبىدە تۈرلۈك – تۈمەن خىل مەنزىرىلەر ئەكس ئېتىپتۇ. قىزچاق يول بويى ئۇنىڭغا «ئۇنتۇپ قالمايسەن مەڭگۈ» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پۈتۈن سەپەر جەريانىدا



بۇزۇن دەرىخى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ.

شۇ تەرىقىدە، نەچچە باھار، نەچچە ياز، نەچچە كۈز، نەچچە قىش ئۆتۈپتۇ. ئوغۇل بالا قاۋۇل يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، ئۇنىڭمۇ بىپايان دۇنياغا ئاتلىنىدىغان، قەھۋە پۇرچىقى چىقىدىغان يىراقتىكى ئىسسىق

ئەللەرگە سەپەر قىلىدىغان مەزگىلى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا، قىزچاق مەيدىسىگە قادىۋالغان بىر تال بۇزۇن گۈلىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. يىگىت بۇ گۈلنى «گۈزەللىككە مەدھىيە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ قېتىغا سېلىپ قويۇپتۇ. سەپەر جەريانىدا، ئۇ بۇ كىتابنى ئاچماقچى بولسا، ئالدى بىلەن گۈل قىستۇرۇقلۇق بەتنى ئاچىدىكەن. ئۇ بۇ گۈلگە قارىغانسېرى، گۈل تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن، ئۇ دانىيە ئورمانلىقلىرىنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولىدىكەن، قىزچاقنىڭ گۈل بەرگىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاستا مىڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولىدىكەن، قىزچاق نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ: «بۇ يەرنىڭ باھارىمۇ، يېزىمۇ، كۈزىمۇ، ھەتتا قىشىمۇ گۈزەل!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن - نۇرغۇن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولىدىكەن.

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، ھېلىقى ئوغۇل بالا بوۋايغا ئايلىنىپتۇ ھەمدە ياشىنىپ قالغان ئايالى بىلەن بۇزۇن دەرىخى ئاستىدا خۇددى ئىلگىرى يېڭى تۇرالغۇ رايونىدا ئولتۇرغان بوۋا - مومىسىغا ئوخشاش قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار يەنە بوۋا - مومىسىغا ئوخشاش ئالتۇن توي خاتىرە كۈنىنىڭ كېپىنى قىلىشىپتۇ. زەڭگەر كۆزلۈك، چىچىغا بۇزۇن گۈلىنى قىسىۋالغان قىزچاق دەرەختە ئولتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە: «بۇگۈن سىلەرنىڭ ئالتۇن توي خاتىرە كۈنۈڭلار!» دەپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇ گۈلچەمبىرىكىدىن

ئىككى تال گۈلنى ئۈزۈپ سۇيۇپتۇ. بۇ گۈللەر ئاۋۋال چاقناپ تۇرغان كۈمۈش نۇر چېچىپتۇ. ئارقىدىن ئالتۇن نۇر چېچىپتۇ، ئۇ گۈللەرنى بوۋاي - مومايىنىڭ بېشىغا قويغانىكەن، ھەربىرى بىردىن ئالتۇن تاجغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بوۋاي پادىشاھقا، موماي خانىشقا ئوخشاپ قاپتۇ. بوۋاي خوتۇنىغا بۇزۇن ئانىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇ ھېكايىدىكى نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلاردەكلا تۇيۇلۇپتۇ.

— توغرا، دەل شۇنداق ! — دەپتۇ دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغان قىزچاق، — بەزىلەر مېنى بۇزۇن ئانا دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر درىيات دەپ ئاتايدۇ، بىراق مېنى «ئەسلىمە» دېگەن تۇزۇك. قېنى، گۈلىڭىز يەنە بارمۇ، يوق، ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭا !

بوۋاي «گۈزەللىككە مەدھىيە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭغا قىستۇرۇپ قويۇلغان ھېلىقى بۇزۇن گۈلى ھېلىلا قىستۇرۇپ قويۇلغاندەكلا شۇنچە رەڭدار، شۇنچە خۇش پۇراق ئىكەن. «ئەسلىمە» بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، ئالتۇن تاج كىيگەن بوۋاي - موماي ئالتۇن رەڭ شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەسلىمە دۇنياسىغا سەپەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، چۆچەكمۇ تۈگەپتۇ !

كارىۋاتتا ياتقان ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ياكى بۇ چۆچەكنى ئاڭلىغانلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ. چەينەك ئۈستەلدە تۇرغۇدەك، بىراق ئۇنىڭ جوغىسىدىن ئۆسۈپ چىققان بۇزۇن دەرىخى يوق تۇرغۇدەك، چۆچەكچى بوۋايمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن

چىقىپ كېتىپتۇ.

— نېمىدېگەن پەيزى! — دەپتۇ ئوغۇل بالا، — ئاپا، مەن ئىسسىق ئەللەرگە بېرىپ كەلدىم!

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دەپتۇ ئاپىسى، — بىر كىشى ئىككى ئىستاكان بۇزۇن چېينى ئىچكەندىن كېيىن، چوقۇم ئىسسىق ئەللەرگە بارىدۇ!

ئانا ئوغلىنىڭ يوتقىنىنى ئوڭشاپ يېپىپ قويۇپتۇ ۋە:

— بايا بوۋاينىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چۆچەكمۇ ياكى ھېكايىمۇ دەپ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىنىمدا، سەن ئۇخلاپ قالدىڭغۇ دەيمەن. ئەمدى يەنە ئۇخلا، قوزام!

— ئاپا، بۇزۇن ئانا نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغۇل بالا.

— ئۇ چەينەكنىڭ ئىچىدە! — دەپتۇ ئاپىسى، — ئۇ چوقۇم شۇ يەردە بار!



# كۆلەڭگە

ئىسسىق بەلباغدىكى مەملىكەتلەردە ئاپتاپ بەك كۈچلۈك بولغاچقا، ئادەمنى كۆيدۈرۈپ قوڭۇر رەڭلىك قىلىۋېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇ يەردىكىلەر قارا تەنلىك ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن. لېكىن، سوغۇق بەلباغدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەملىكىتىدىكىگە ئوخشاش، ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. لېكىن، ئۇ ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىگە بېرىپلا بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ، ئىجارە ئالغان ئۆيىدىن چىقماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ. سىرتتىن قارىغان كىشىگە ئۇ تۇرغان ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقاندەك ياكى ئۆيدە ھېچكىم يوقتەك تۇيۇلىدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ دېرىزە - ئىشىكلىرى كۈن

بويى دۆملەكلىك پېتى تۇرىدىكەن.
سوغۇق بەلباغدىن كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى ياش ھەم ئەقىلللىق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى لاۋۇلداپ ئوت كۆيگەنلىكتىن ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن مەشىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندەك، ئىسسىقتا چارچاپ ھالىدىن كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ تېزلا ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، ھەتتا كۆلەڭگىسىمۇ ئۆز يۇرتىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا قىسقىراپ قاپتۇ. ئاپتاپ ئۇنى ھېچ ئىش خۇشياقماس قىلىپ قويۇپتۇ. كەچ كىرىپ كۈن ئولتۇرغاندىلا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى سەل جانلىنىپ قالىدىكەن.

شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشلار ئوقۇمۇشلۇق كىشىگە بەك قىزىقارلىق بىلىنىپتۇ. شامنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە، كۆلەڭگىسى شۇ ھامان ئۇزىراپ تامغا، يەنە تېخى تورۇسقىچە سوزۇلىدىكەن. كۆلەڭگىسى قانچە ئۇزارسا، ئۇنىڭ زېھنى شۇنچە ئەسلىگە كېلىدىكەن. بىر كەچتە بۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى بالكونغا چىقىپ ئانچە - مۇنچە كېرىلىش - سوزۇلۇش ھەرىكەتلىرىنى قىپتۇ. ئۇ كۆكتە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا باققىنىدا، يېڭىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك بوپتۇ. ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىدە ئۆيلەرنىڭ دېرىزە سىرتىدا بالكون بولىدىكەن، كىشىلەر بالكوندا مېڭىپ يۈرىدىكەن، چۈنكى قارىداپ كېتىشكە كۆنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ ھاۋالىنىشى كېرەك ئىكەن. كەچ كىرگەندە، موزدۇز دەمسىز، تىككۈچى دەمسىز، ئىشقىلىپ ھەممەيلەن كوچىغا ئۇستەل - ئورۇندۇقلىرىنى ئاچىقىۋالىدىكەن، شام ياندۇرۇپ ئىش

قىلىدىكەن؛ ئۇ يەردىكىلەر پاراڭ سېلىشسا، بۇ يەردىكىلەر ناخشا ئېيتىشىدىكەن، يەنە نۇرغۇن كىشى لاغايلاپ سەيلە قىلىپ يۈرىدىكەن. پەقەت بىر ئۆي، يەنە ھېلىقى ياقا يۇرتلۇق ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيلا جىمجىت ئىكەن. لېكىن، بالكوندا گۈللەرنىڭ بارلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆيدە چوقۇم ئادەم بار ئىكەن. بۇ گۈللەر كۈچلۈك ئاپتاپتىمۇ شۇنچە چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەنىكەن، بىر كىم سۇغىرىپ تۇرمىسا، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس - دە ! نېرىقى تەرەپتىكى بالكوننىڭ ئىشىكىمۇ ئوچۇق، لېكىن ئىچى تەرەپ قاراڭغۇ ئىكەن. ئىچكەركى ئۆيدىن مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ئوقۇمۇشلۇق كىشىگە بۇ مۇزىكا ئىنتايىن يېقىملىق بىلىنىپتۇ. بۇمۇ بەلكىم ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىدىكى ئاپتاپ چۈشمىگەن ھەرقانداق نەرسە چەكسىز ياخشىدەك بىلىنىدىكەن.

بىر كېچىسى، ئوقۇمۇشلۇق كىشى تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ بالكوننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ ئۇخلىغانىكەن. دېرىزە پەردىسى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭغا ئۇدۇلدىكى بالكوندا تولىمۇ غەلىتە يورۇقلۇق باردەك سېزىلىپتۇ، ئۇ رەڭگارەڭ بولۇپ، بەئەينى مەشئەلدەك چاقناپ تۇرغۇدەك، گۈللەرنىڭ ئارىسىدا بوي - تۇرقى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن، شۇ تاپتا ئۇمۇ نۇر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئوقۇمۇشلۇق كىشى كارىۋىتىدىن پولغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، پايپاسلاپ ماڭغىنىچە دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. بىراق، ھېلىقى قىز

غايىب بوپتۇ، يورۇقلۇقمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ. گۈللەرمۇ نۇر چاچماپتۇ، بىراق ئۇلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرغۇدەك. ئىشىك يېرىم ئوچۇق بولۇپ، ئىچكىرىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان يېقىملىق مۇزىكا كىشىنى شېرىن تەسەۋۋۇرلار قوينىغا تاشلايدىكەن. ھەقىقەتەن بىر خىل سېھىرگەرلىك ئويۇنىدەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدىغۇ، ئۇ ئۆيدە زادى كىم تۇرىدىغاندۇ؟

بىر ئاخشىمى، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بالكونغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئارقا تەرىپىدىكى ئۆيدە بىر تال شام يېنىقلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ تېمىغا، توغرىراق ئېيتقاندا، دەل ئۇدۇلدىكى بالكونغا قويۇلغان گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشى مىدىرلىمىغانىكەن، كۆلەڭگىسىمۇ مىدىرلاپتۇ، چۈنكى كۆلەڭگە دېگەن دائىم شۇنداق قىلىدىكەن.

«مېنىڭچە، كۆلەڭگەم ئۇ تەرەپتىكى كىشىلەر كۆرەلەيدىغان بىردىنبىر جانلىق نەرسە، — دەپتۇ ياقا يۇرتلۇق ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئۆز - ئۆزىگە، — قارا، كۆلەڭگەم گۈللەرنىڭ ئارىسىدا شۇنچە بىمالال تۇرۇپتۇ، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىكەن، بۇ قېتىم كۆلەڭگەم ئۆيگە پەم بىلەن كىرىپ قاراپ باقسۇن، ئاندىن يېنىپ چىقىپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ماڭا سۆزلەپ بەرسۇن! قانداق دېدىم، كىرىپ باقامسەن؟» ئۇ كۆلەڭگىسىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتقانىكەن، كۆلەڭگىسىمۇ باش لىڭشىتىپتۇ. «قېنى ئەمىسە، ئۆيگە كىر! ئەمما، قايتىپ كەلمەي قويما!» ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئورنىدىن تۇرغانىكەن، ئۇدۇل بالكوندىكى كۆلەڭگىسىمۇ ئورنىدىن

تۇرۇپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئارقىغا بۇرۇلغانىكەن، كۆلەڭگىسىمۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپتۇ.

ئەگەر بۇ چاغدا بىركىم دىققەت قىلغان بولسا، ئوقۇمۇشلۇق كىشى ياتىقىغا كىرىپ ئۆزۈن دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزگەندە، كۆلەڭگىسىنىڭ ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ يېرىم ئېچىقلىق ئىشىكىدىن كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتىكەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوقۇمۇشلۇق كىشى قەھۋە ئىچكەچ گېزىت ئوقۇغىلى سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ ئاپتاپقا چىققاندا، ھەيران بولغىنىدىن سۆزلەپ قاپتۇ: «بۇ قانداق بولغىنى؟ كۆلەڭگەم يوق تۇرىدىغۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ تۈنۈگۈن كېچە ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىچە قايتىپ چىقماپتۇ ـ دە، تازا قاملاشمىغان ئىش بولدىغۇ بۇ !»

ئۇنىڭ سەپراسى ئۆرلەپتۇ. بۇنداق بولۇشى كۆلەڭگىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس ئىكەن. ئۇ سوغۇق بەلباغ مەملىكەتتىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى يوق ئادەم توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى بىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىكەن. ئەگەر بۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئەمدى ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولسا، باشقىلار ھېلىقى ھېكايىنى كۆچۈرۈۋاپتۇ، دېيىشى تۇرغان گەپ ئىكەن. بىراق، ئۇنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن.

كەچ كىرگەندە، ئۇ يەنە بالكونغا چىقىپتۇ، شام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ تۇگۈلۈپ

بېقىپتۇ، سوزۇلۇپ بېقىپتۇ، ئەمما كۆلەڭگىسىنى يەنىلا كۆرەلمەپتۇ. «هەي ! هەي !» دەپ توۋلاپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولماپتۇ.

بۇ راستىنلا ئادەمنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىدىغان ئىش – دە ! لېكىن، ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىدىكى هەرقانداق نەرسە تېز چوڭ بولىدىكەن. ئارىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندە، ئۇ قۇياش تىكلەشكەندە تالاغا چىقىپ بىردەم تۇرغانىكەن، پۇت تەرىپىدىن يېڭى كۆلەڭگە ئۆسۈپ چىقىپتۇ، يىلتىزى يەنىلا ئۇنىڭ تېنىدە قالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شىمالدىكى سوغۇق بەلباغ مەملىكىتىگە قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. سەپەر جەريانىدا بۇ كۆلەڭگە بارغانسېرى ئۆزىراپ، ئاخىر شۇنداق ئۇزۇن، شۇنداق چوڭ هالەتكە يېتىپتۇكى، ئوقۇمۇشلۇق كىشى: «يېرىمىنىڭ بولسىلا يېتەرلىك بولاتتىغۇ !» دەۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كىتاب يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ، دۇنيادىكى هەقىقەتلەرنى، دۇنيادىكى ياخشىلىقلارنى، دۇنيادىكى گۈزەللىكلەرنى يېزىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ يېزىۋېرىپتۇ، توختىماي يېزىۋېرىپتۇ، شۇ تەرىقىدە كۈنلەر، ئايلار بىر – بىرىنى قوغلىشىپ، ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرسا، ئىشىك يېنىك چېكىلىپتۇ.

— كىرىڭ !

لېكىن، هېچكىم كىرمەپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشى



ئىشىكنى ئاچسا، ئالدىدا بەك ئورۇق ـ بەك ئورۇق بىر ئادەم تۇرغۇدەك. ئوقۇمۇشلۇق كىشى قاتتىق ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قاپتۇ. شۇنىمۇ دەپ قويايكى، كەلگەن كىشى ئورۇق بولغىنى بىلەن، بەك پۇزۇر كىيىنىۋالغانىكەن، ئۇستىبېشىدىن قارىغاندا، يۇز ـ ئابرۇيلۇق كىشى بولۇش ئېھتىماللىقى زور ئىكەن.

— مەن كىم بىلەن يۇز كۆرۇشۇش شەرىپىگە ئېرىشىۋاتىمەنكىن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى.

— دەرۋەقە، ئويلىغىنىمدەك ئىش بولدى، — دەپتۇ پۇزۇر كىيىنگەن كىشى، — سىز مېنى تونۇيالمىدىڭىز ! مەن سىزنىڭ كۆلەڭگىڭىز ئەمەسمىدىم؟ مانا قاراڭ، ھازىر مېنىڭ تېنىم، گۆشۇم ۋە تېرەممۇ بار بولدى،

كېيىم ـ كېچەكلىرىمۇ كىيەلەيدىغان بولدۇم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ كونا كۆلەڭگىسىنى تېخىچە تونۇيالمايۋاتىسىز ـ ھە؟ توغرا، مېنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىم خىيالىڭىزغا كەلمىدىغۇ دەيمەن. ئۆتكەن قېتىم سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن ئىزچىل ئوبدان ياشاپ كەلدىم، قايسىلا جەھەتتىن دېسىڭىز، ھازىر مەن باي ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم ! مۇبادا مەن ئۆز ئەسلىمگە قايتىپ كېلىدىغان بولسام، ھەرگىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولمايمەن، بۇمۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ ! ــ ئارقىدىن ئۇ قىممەت باھالىق ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار ئۆتكۈزۈلگەن سائەت زەنجىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەممە بارمىقىغا بىرلىيانت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنى تاقىۋالغان، يەنە كېلىپ بۇلار راست بىرلىيانت ئۈزۈكلەر ئىكەن.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، گاڭگىراپلا قالدىمغۇ ! ــ دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، ــ بۇ زادى قانداق ئىش بولۇپ كەتكىنى؟ !

ــ شۇنداق، تولىمۇ پەۋقۇلئاددە ئىش دەڭا ! ــ دەپتۇ كۆلەڭگە، ــ لېكىن ئۆزىڭىزمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. ماڭا كەلسەك، سىز بىلىسىز، دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ قەدىمىڭىزگە ئەگىشىپ كەلدىم. سىز مېنىڭ پىشىپ يېتىلىپ دۇنيانى ئۆزۈم كېزىپ يۈرگۈدەك بولغىنىمنى بايقىغۇدەك بولغاندا، مەن ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم. ھازىر مەن ئەھۋالىمنى ئەڭ قالتىس دېيەلمەيمەن. لېكىن، مېنىڭدە بىر تۈرلۈك كۈچلۈك ئىستەك پەيدا بولۇپ، سىز بۇ دۇنيادىن كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى

كۆڭلۈم خالاپ قالدى. سىز ھامان تۇگەپ كېتىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ يەنە مېنىڭ بۇ مەملىكەتنى كۆرگۈم كەلدى، چۈنكى نېمىلا دېگەنبىلەن، ئادەم ئۆز ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ! مەن سىزنىڭ يەنە بىر كۆلەڭگىڭىز بار بولغانلىقىنى ئۇقتۇم، مېنىڭ ئۇنىڭغا ياكى سىزگە ئازراق بىرنەرسە بېرىشىمنى خالامسىز؟ نېمە دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

— تۇۋا، بۇ راستتىنلا سەنمۇ؟! — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ غەلىتە ئىش ئىكەن! مەن ئۆزۈمنىڭ كونا كۆلەڭگەمنىڭ ئادەمگە ئايلىنىپ قايتىپ كېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!

— ئېيتىڭا، سىزگە نېمە بەرسەم بولىدۇ؟ — دەپتۇ كۆلەڭگە، — چۈنكى، مەن بىركىمگە قەرزدار بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن!

— بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — قەرزنىڭ گېپىنى قىلغىنىڭ نېمىسى؟ سەن خۇددى ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش ئەركىنسەن! مەن سېنىڭ بەختلىك بولغىنىڭدىن خۇشال! ئولتۇر، قەدىناس دوستۇم، ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە، بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟ ئىسسىق بەلباغدىكى ھېلىقى مەملىكەتتە بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆيدە تۇرىدىغان كىشىلەر ھازىر نەدە؟ سەن نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

— ماقۇل، سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ كۆلەڭگە ئولتۇرۇپ، — لېكىن، سىزمۇ ماقۇل بولۇڭ، بۇ شەھەردە سىز مېنى ھەرقانداق جايدا ئۇچرىتىپ

قالسىڭىز، ئىلگىرى سىزنىڭ كۆلەڭگىڭىز بولغانلىقىمنى ھېچكىمگە دېمەسلىككە ۋەدە بېرىڭ. مەن توي قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ھازىر مېنىڭ نەچچە ئائىلىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكىم بار!

— خاتىرجەم بول! — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — سېنىڭ ئەسلىڭنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن. گېپىم گەپ، ئەر كىشى دېگەن گېپىدە تۇرىدۇ!

— كۆلەڭگىمۇ دېگەن گېپىدە تۇرىدۇ! — دەپتۇ كۆلەڭگە.

كۆلەڭگە ھەقىقەتەن راست ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا ئايلانغانىكەن. ئۇنىڭ بەدىنى قارا، كىيىۋالغىنى ئېسىل كىيىملەر ئىكەن. شلەپىسى بېسىپ چىقىرىلغان بولۇپ، تۆپىلىكى ۋە گىرۋەكلىرى تىكىشسىز ئىكەن.

— ئەمدى مەن گېپىمنى باشلاي، — دەپتۇ كۆلەڭگە. ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان بولسا كېرەك، خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالغان پۇتىنى سوزۇپ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ يېڭى كۆلەڭگىسىنىڭ بىلىكىگە تىقىپتۇ. كونا كۆلەڭگىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغۇسى، قانداق قىلغاندا ئۆزىمۇ خوجايىنىنىڭ ئورنىغا چىققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەن بولسا كېرەك، يېڭى كۆلەڭگە كونا كۆلەڭگىنىڭ بۇ ئىشىنى كۆڭلىگە ئالماي، خۇددى بۇجغۇر مويلۇق پىستىدەك ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ.

— سىز ئۇدۇلدىكى ئۆيدە كىمنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ كونا كۆلەڭگە، — شېئىر ئىلاھىنىڭ ئۆزى دەڭا! مەن ئۇياقتا ئۈچ ھەپتە تۇردۇم،



ھەقىقەتەن ئۈچ مىڭ يىلنى ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم. يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھەممىسىنى، يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتىم، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. مەن ھەممىنى كۆردۈم، ھەممىنى بىلىۋالدىم!

— شېئىر ئىلاھى! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — توغرا، توغرا، ئۇنى ھەمىشە چوڭ شەھەرلەرگە مۆكۈۋالىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم! توغرا، شېئىر ئىلاھىنى بىر قېتىم مۇنداقلا كۆرۈپ قالغانىدىم، لېكىن ئۇ چاغدا ئىككى كۆزۈم ئېغىر

ئۆيقۇدا ئىدى. ئۇ بالكوندا تۇراتتى، خۇددى قۇتۇپ نۇرىدەك چاقناپ تۇراتتى. ھە، سۆزلەۋەرگىن! سەن ھېلىقى ئىشىكتىن كىرىپ كەتكەنىدىڭ، كىرىپ نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

— مەن دالانغا يېتىپ باردىم، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — سىز جايىڭىزدا قاراپ ئولتۇردىڭىز. دالان قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ئازراقمۇ يورۇقلۇق يوق ئىدى. لېكىن، نېرىدا بىر ئۇزۇن ئۆي بار ئىكەن، ئۆي ئىشىكىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق، ئۆي ئىچى يورۇق ئىدى. ئەگەر مەن ھېلىقى قىزنىڭ يېنىغا كىرگەن بولسام، كۈچلۈك نۇردا چوقۇم كۆيۈپ ئۆلگەن بولاتتىم. بىراق، مەن ئىغىر - بېسىق بولدۇم، چۈنكى ماڭا ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى.

— يەنە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى.

— ھەممىنى كۆردۈم، بۇلارنى سىزگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن. لېكىن، مەن بىر ئەركىن ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يەنە كېلىپ بىلىملىك، مەرتىۋىلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىزنىڭمۇ مېنى «سىز» دېيىشىڭىزنى خالايمەن!

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — شۇنداق دەپ كۆنۈپ قاپتىمەن. سىزنىڭ دېگىنىڭىز تامامەن توغرا! مەن جەزمەن ئېسىمدە تۇتىمەن! لېكىن، سىز كۆرگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك!

— ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — چۈنكى، مەن ھەممىنى كۆردۈم، ھەممىنى بىلدىم.

— ئەڭ ئىچىدىكى ئۆي قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇقۇمۇشلۇق كىشى، — ئىچى ياپيېشىل ئورمانلىقا ئوخشامدىكەن؟ يا مۇقەددەس چېركاۋغا ئوخشامدىكەن؟ ئېگىز تاغدا تۇرغاندا كۆرگىلى بولىدىغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئوخشامدىكەن؟

— ئۇ يەردە ھەممە نەرسە بار ئىكەن! — دەپتۇ كۆلەڭگە، — ئەڭ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرمىدىم دېيىمىغۇ. مەن ئەڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئۆيدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇردۇم. لېكىن، ئۇ يەردە تۇرغىنىم ياخشى بولدى، شۇ يەردە تۇرۇپمۇ ھەممىنى كۆردۈم، ھەممىنى بىلىۋالدىم!

— بىراق، سىز زادى نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ بارلىق قەدىمكى ئىلاھلار ئۇ يەردىمىكەن؟ قەدىمكى قەھرىمانلار ئۇنىڭ ئىچىدە جەڭ قىلىۋېتىپتىمۇ؟ ئوماق باللار ئۇ يەردە ئويناپ، چۈشلىرىنى سۆزلىشىۋېتىپتىمۇ؟

— سىزگە دېسەم، مەن كۆرگەن ۋە كۆرۈشۈم مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. ئەگەر سىز ئۇ يەرگە بارغان بولسىڭىز، ئادەمدىن ئادەمگە ئۆزگىرىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مەن ئادەمگە ئۆزگەردىم! شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزۈمنىڭ ئىچكى خاراكتېرىمنى، تۇغما ساپايىمنى ۋە شېئىر ئىلاھى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىم بارلىقىنى بىلىۋالدىم. توغرا، ئىلگىرى سىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقان چاغلىرىمدا، بۇلارنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانمەن. لېكىن، سىزگە مەلۇم، كۈن چىققان ۋە ئولتۇرغان چاغدا، مەن شۇ قەدەر چوڭىيىپ كېتىمەن؛ ئايدىڭدا سىزدىنمۇ ئاۋاق بولۇپ قالىمەن. ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنىڭ تەبىئىتىنى

بىلمەيتتىم، بۇنى دالاندا تۇرغىنىمدا بىلىۋالدىم ! مەن ئادەمگە ئايلاندىم، مېنىڭ بەدەن شەكلىم بار بولدى ! لېكىن، ئۇ چاغدا سىز ئىسسىق بەلباغ مەملىكىتىدىن كېتىپ قالغانىدىڭىز. ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇ پېتى مېڭىپ يۈرۈش مېنى ئۇيالدۇردى. مەن ئاياغلىق، كىيىم ـ كېچەكلىك بولۇشنى، داڭلىق كىشىلەردەك ياشاشنى ئارزۇ قىلدىم. مەن يۈگۈرگىنىمچە بېرىپ بولكىچى ئايالنىڭ كۆڭلىكى ئاستىغا مۆكۈۋالدىم، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ شۇنچە چوڭ نەرسىنى يوشۇرغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. كەچ بولغاندا چىقىپ، ئايدىڭدا كوچا ئارىلاپ يۈگۈرۈپ يۈردۈم. تامغا چىقىپ دۈمبەمنى سۈركىۋىدىم، بەك راھەتلىنىپ كەتتىم. مەن يۇقىرى ـ تۆۋەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بىر ئېگىز دېرىزىدىن ئۆيگە كىردىم، ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدىم، تورۇسىغا قارىدىم، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق كىشى قارىمايدىغان جايلارغىمۇ قارىدىم، باشقىلار كۆرەلەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆردۈم، كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆردۈم ! دۇنيا ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىكەن. ئەگەر ھازىر ھەرقانداق كىشى ئىنسان بولۇشنى قالتىس ئىش دەپ قارىمىغان بولسا، مەن ھەقىقەتەن ئادەمگە ئايلىنىشنى خالىمىغان بولار ئىدىم ! مەن ئاياللاردا، ئەرلەردە، ئاتا ـ ئانىلاردا، چەكسىز ئوماق باللاردا ئەڭ ـ ئەڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆردۈم. مەن ھەرقانداق كىشى بىلمەسلىكى كېرەك بولغان، ئەمما ھەرقانداق كىشى بىلىشنى ئەڭ خالايدىغان نەرسىلەرنى، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئەسكى ئىشلىرىنى كۆردۈم. ئەگەر گېزىتكە يازىدىغان بولسام، كۆپچىلىك ئوقۇشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن مەن

بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئۆزىگىلا يازدىم. ھەربىر شەھەرگە بارغىنىمدا، ئۇ يەردىكىلەر ساراسىمىگە چۈشىدىغان بولدى، ئۇلار مەندىن بەك قورقاتتى، يەنە مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. پروفېسسورلار مېنى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىشتى، تىككۈچىلەر يېڭى كىيىملەرنى تىكىپ بەردى، پۇل ياسىغۇچى ئۇستىلار مەن ئۈچۈن پۇل ياساشتى، ئاياللار مېنى بەك چىرايلىق ئىكەنسىز دېيىشتى! شۇنىڭ بىلەن، مەن ھازىرقى ھالىتىمگە كەلدىم. ئەمدى مېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىم بولدى، مانا بۇ مېنىڭ ئىسمىم كارتام! مەن قۇياشنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىمەن، يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆيدە بولىمەن!

كۆلەڭگە شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپلا كېتىپ قاپتۇ.

«ھەقىقەتەن بەك غەلىتە ئىش ـ دە، بۇ!» دېدى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئۆز ـ ئۆزىگە.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆلەڭگە يەنە كەپتۇ.

— قانداقراق ئۆتىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— ھەي ـ ي، نېمە دېسەم بولار؟ — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — مەن ھەقىقەتنى يازدىم، ياخشىلىقنى يازدىم، يەنە گۈزەللىكنىمۇ يازدىم، ئەمما ئۇلارغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. مەن قايمۇقۇپلا قالدىم، بەك ئازابلىنىۋاتىمەن!

— بىراق، مەن ئۇنداق ئەمەس! — دەپتۇ كۆلەڭگە، — سەمرىپ قالدىم، ئادەم مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى ئانچە ـ مۇنچە سەمرىتىشى كېرەك! شۇنداق، سىز بۇ دۇنيانى چۈشەنمەيسىز. بۇ دۇنيا سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنى

ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سىز سەپەر قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. يازدا مەن سەپەرگە چىقماقچى، بىللە بېرىشنى خالامسىز؟ مەن سەپەردىشىمنىڭ بولۇشىنى بەك خالايمەن. سىز بىر كۆلەڭگە سۈپىتىدە مەن بىلەن بىللە سەپەر قىلىشنى خالامسىز؟ ئەگەر مەن بىلەن بىللە بولسىڭىز، ئىنتايىن خۇشال بولغان بولاتتىم. سىزنىڭ سەپەر خىراجىتىڭىزنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن.

— بۇ بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتتى ! — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى.

— بۇ بىر كىشىنىڭ مەسىلىگە قانداق قارىشىغا باغلىق، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — سىرتلاردا يۈرۈپ بېقىشنىڭ سىزگە پايدىسى بار ! سىز مېنىڭ كۆلەڭگەم بولۇشنى خالامسىز؟ خالىسىڭىز، سەپەر جەريانىدا ھەممە نەرسىگە ھەقسىز ئېرىشكەن بولاتتىڭىز.

— ئىلىشىپ قاپسىز ! — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى.

— لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئۆزى دەل شۇنداق! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇنداق بولىدۇ ! — دەپتۇ كۆلەڭگە ۋە كېتىپ قاپتۇ.

ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ كۈنلىرى تازا ياخشى بولماپتۇ، قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئاپەت ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ، ئاخىر ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

— سەن راستىنلا بىر كۆلەڭگىگىلا ئوخشاپ قاپسەن ! — دەپتۇ كىشىلەر. ئوقۇمۇشلۇق كىشى بۇنى خىيالىغا كەلتۈرسە، ئىختىيارسىز غۇدۇراپ كېتىدىكەن.

— سىز ئوبدان يۈيۈنۈشىڭىز كېرەك ! — دەپتۇ ئۇنى يوقلاپ كەلگەن كۆلەڭگە، — بۇنىڭدىن باشقا ئامال

يوق ! مەن ئارشاڭغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن، چۈنكى ساقال ـ بۇرۇتۇم ئۆسمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ كىسەللىك دەڭا. كونا دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ باراي. سەپەر خىراجىتىڭىز مېنىڭدىن بولسۇن، سىز يازىدىغىنىڭىزنى يېزىۋېرىڭ، بۇ ماڭا بەك قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئەقىللىقراق بولۇپ، مېنىڭ بۇ ھىممىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۆلەڭگە خوجايىن، خوجايىن كۆلەڭگە بوپتۇ. قۇياشنىڭ ئورنىغا ئاساسەن، ئۇلار بەزىدە ياندىشىپ مېڭىپتۇ، بەزىدە بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە مېڭىپتۇ. كۆلەڭگە ھەر ۋاقىت خوجايىنلىق سالاھىيىتىنى ساقلاشقا دىققەت قىپتۇ، ئوقۇمۇشلۇق كىشى بۇنى ئويلاپ كەتمەپتۇ. چۈنكى، ئۇ كۆڭلى ياخشى، سىپايە ھەم دوستانە ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ كۆلەڭگىگە:

— بىز ھازىر سەپەرداش، يەنە كېلىپ كىچىكىمىزدىن بىللە چوڭ بولغاندىكىن، ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپ، ئۆزئارا سەنلىشىپ ئۆتەيلى، بۇنداق قىلساق تېخىمۇ يېقىن بولالايمىز ! — دەپتۇ.

— توغرا دېدىڭىز ! — دەپتۇ كۆلەڭگە، — گەپنى ئۇدۇللا قىلدىڭىز، گېپىڭىزنىڭ مەنىسىمۇ ناھايىتى ياخشى. مەنمۇ مۇشۇنداق ئاق نىيەتلىك، تۈز كۆڭۈل بولۇشنى خالايمەن. سىز ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، ھەممە نەرسىنىڭ تەبىئىتىنىڭ نەقەدەر ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. بەزى كىشىلەر كۈل رەڭ قەغەزنى كۆرۈپ قالسا، بىئارام بولۇپ پۈتۈن بەدىنىگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ؛ يەنە بەزىلەر

بىركىمنىڭ مىخ بىلەن دېرىزە ئەينىكىنى سىجىغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، پۈتۈن بەدىنى بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. مەن سىزنىڭ مېنى سەنلىمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدىمۇ شۇنداق سېزىم پەيدا بولدى، مەن ئىلگىرى سىز بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ تەكەببۇرلۇق ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇيغۇ، بۇنى سىزمۇ كۆرۈۋالالايسىز. دېمەكچىمەنكى، مەن سىزنىڭ مېنى سەنلىشىڭىزگە يول قويالمايمەن، بىراق مەن سىزنى سەنلەشنى بەك خالايمەن، بۇنداق بولغاندا، سىز ئۆزىڭىز دېگەن گەپنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرغان بولىسىز.

شۇنىڭ بىلەن، كۆلەڭگە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خوجايىنىنى سەنلەيدىغان بوپتۇ.

«بۇ تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى - دە، — دەپ ئويلاپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — مەن ئۇنى سىزلەيدىكەنمەن، ئۇ مېنى سەنلەيدىكەن.»

بىراق، ئۇ هازىر بۇنىڭغا چىدىشى كېرەك ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر ئارىشاڭغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن چەت ئەللىك بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر گۈزەل مەلىكىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى بەكلا ئېنىق كۆرۈشتەك بىر خىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىكەن، شۇ تۈپەيلى ئۇ بەك بىئارام بولىدىكەن.

مەلىكە يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ باشقىلارغا پەقەت ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەرھال بايقاپ قاپتۇ. «ئۇنى ساقال - بۇرۇتلۇق بولۇشنىڭ كويىدا بۇ يەرگە كەلگەن

دېيىشىدۇ، بىراق ھەقىقىي سەۋەبىنى كۆرۈۋالدىم، ئۇ كۆلەڭگە چۈشۈرەلمەيدىكەن.»

مەلىكە قىزىقىپ قاپتۇ ـ دە، سەيلىگە چىققاندا بۇ ياقا يۇرتلۇق بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇ ئانچە تۈزۈت قىلىپ كەتمەيدىكەن.

— سىزنىڭ كېسىلىڭىز كۆلەڭگە چۈشۈرەلمەسلىك ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ.

— ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تېنى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — ئاڭلىسام، سىزنىڭ كۆزىڭىز تولىمۇ ئۆتكۈر ئىكەن. لېكىن، قارىغاندا بۇ كېسەل غايىب بولۇپ، ساقىيىپ قالغاندەك تۇرىسىز. مېنىڭ بىر پەۋقۇلئاددە كۆلەڭگەم بار. سىز دائىم مېنىڭ بىللە يۈرىدىغان ئاۋۇ كىشىنى كۆرمىگەنمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئاددىي كۆلەڭگىسى بولىدۇ، بىراق مەن ئاددىيسىنى ياقتۇرمايمەن. بەزى كىشىلەر ئۆزى كىيگەن كىيىمنىڭ رەختىدىنمۇ سۈپەتلىك رەختلەردە خىزمەتكارلىرىغا كىيىم تىككۈزۈپ بېرىدۇ، مانا مەن شۇنداق ئادەم، مەن كۆلەڭگەمنى كىيىندۈرۈپ بىر ئادەم قىلىپ قويدۇم. كۆرگىنىسىز، مەن ھەتتا ئۇنىڭغا بىر كۆلەڭگىنىمۇ بەردىم. بۇغۇ بەك پۇل كېتىدىغان ئىش، بىراق مەن ئالاھىدىرەك نەرسەمنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن!

«نېمە؟ مەن راستىنلا ياخشى بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە، — بۇ ئارىشاڭ ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن ـ دە، دەۋرىمىزدىكى سۇلارنىڭ بىر خىل ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرىتى بار ئىكەن. ئەمدى مەن بۇ يەردىن كەتمىسەم بولغۇدەك، چۈنكى ھازىر بۇ يەر

قىزىقارلىق بولۇپ قالدى، بۇ چەت ئەللىكنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. ئىلاھىم ئۇنىڭغا ساقال - بۇرۇت چىقمىسىدى، چۈنكى ساقال - بۇرۇتى چىقسىلا، ئۇ كېتىپ قالىدۇ !»

كەچتە، ئازادە تانسا زالىدا مەلىكە بىلەن كۆلەڭگە تانسا ئويناپتۇ. مەلىكە بەك يەڭگىل ئىكەن، بىراق كۆلەڭگە ئۇنىڭدىنمۇ يەڭگىل ئىكەن. مەلىكىنىڭ بۇنداق تانسا ھەمراھى زادىلا بولۇپ باقمىغانىكەن. ئۇ كۆلەڭگىگە ئۆزىنىڭ قايسى مەملىكەتتىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، كۆلەڭگە ئۇنىڭ مەملىكىتىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بېرىپ باققانلىقىنى، بىراق ئۇ چاغدا مەلىكىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە مەلىكە سورىغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەلىكە ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەن، دەپ قاپتۇ. ئۇلار يەنە بىر قېتىم تانسىغا چۈشكەندە، مەلىكىنىڭ چىرايىدىن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانلىق ئالامىتى بىلىنىپتۇ. كۆلەڭگە بۇنىڭغا دىققەت قىپتۇ، چۈنكى ئۇ مەلىكىنىڭ ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەنلىكىنى تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر قېتىملىق تانسىغا چۈشكەندە، مەلىكە كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىۋېتىشكە تاس قاپتۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئۇغۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن، بىراق بىلىمگە پۇختا - پۇختا ئەمەسلىكىنى تېخى بىلەلىگىنىم يوق، بۇمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىش ! ئۇنى تەكشۈرۈپ بېقىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەتتا ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدىغان قىيىن مەسىلىلەرنى كۆلەڭگىدىن ئەپچىللىك بىلەن سوراپتۇ. كۆلەڭگە ئۇنىڭ

سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— جاۋاب بېرەلمىدىڭىز ـ ھە؟! — دەپتۇ مەلىكە.

— بۇلار مېنىڭ بالا ۋاقتىمدا ئۆگەنگەن بىلىملەر، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — ئىشىنىمەنكى، بۇ گەپلەرگە ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان كۆلەڭگەممۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ.

— كۆلەڭگىڭىز جاۋاب بېرەلەيدىغان بولسا، — دەپتۇ مەلىكە، — بۇ دۇنيادىكى كاتتا مۆجىزە بولغان بولاتتى.

— مەن ئۇنىڭ شۇنداق قىلالىشىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، ئۇ ماڭا ئەگىشىپ شۇنچە يىلنى ئۆتكۈزدى، مېنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىمنى شۇنچە يىل ئاڭلىدى. مەن ئۇنىڭ جاۋاب بېرەلىشىگە ئىشىنىمەن! ئۇ ئۆزىنى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىمەن دەپ بىلىدۇ. ئەگەر كەيپىياتى ياخشى بولسا، سوئاللىرىڭىزغا چوقۇم جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن، سىز ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك.

— مەن شۇنداق قىلىشنى بەك ياقتۇرىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭ بىلەن، مەلىكە ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇياش ۋە ئاي، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ئىچكى دۇنياسى توغرىسىدا پاراڭلىشىپتۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئاقىلانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

«مۇشۇنداق ئەقىللىق كۆلەڭگىسى بار ئادەم ئەلۋەتتە ئەڭ قالتىس ئادەم بولىدۇ ـ دە!» — دەپ ئويلاپتۇ

مەلىكە، — ئەگەر ئۇنى ئۆزۈمگە ئەر بولۇشقا تاللىسام، بۇ خەلقىم ۋە پادىشاھلىقىم ئۇچۇن چىن بەخت ئەمەسمۇ ! بولدى، مەن بىر قارارغا كەلدىم !»

مەلىكە بىلەن كۆلەڭگە ۋەدىلىشىپتۇ، لېكىن مەلىكە مەملىكىتىگە قايتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، بۇ ئىشنى ھېچكىمنىڭ ئۇقماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— توغرا، ھەرقانداق ئادەم بىلسە بولمايدۇ، ھەتتا كۆلەڭگەممۇ بىلمەسلىكى كېرەك، — دەپتۇ كۆلەڭگە.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەلىكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەملىكەتكە كەپتۇ، مەلىكە ئوردىغا قايتىپتۇ.

— قۇلاق سال، ياخشى دوستۇم ! — دەپتۇ كۆلەڭگە ئوقۇمۇشلۇق كىشىگە، — ئەمدى مېنىڭدە بىر كىشىدە بولۇشى مۇمكىن بولغان ئەڭ زور بەخت ۋە ھوقۇق بار بولىدىغان بولدى، شۇڭا سېنى ئۆزگىچە بىر قىلىپ قويۇشنى خالايمەن ! بۇنىڭدىن كېيىن، سەن مېنىڭ بىللە مەڭگۈ ئوردىدا تۇرىسەن، مېنىڭ بىلەن بىللە ئوردا پەيتۇنغا ئولتۇرىسەن، ھەر يىللىق مائاشىڭ يۈز مىڭ تەڭگە بولىدۇ. لېكىن، سېنى ھەممە كىشى «كۆلەڭگە» دەپ ئاتىشى كېرەك، ئۆزۈڭنىڭ ئىلگىرى ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىشىڭغا بولمايدۇ. ئەمدى ساڭا ئېيتسام بولىدۇ، مەن مەلىكە بىلەن توي قىلماقچىمەن، بۈگۈن كەچ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

— ياق، بولمايدۇ، بۇ بەكلا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇ ! — دەپتۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى، — مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ئۇنداق قىلمايمەن ! بۇ دېگەن بىر دۆلەتنى بىر مەلىكىنى ئالداش ! مەن ھەممىنى ئېيتىمەن ! ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمنى، سېنىڭ كىيىم كىيىۋالغان بىر

كۆلەڭگە ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىمەن !

— سېنىڭ گېپىڭگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — يەنىلا ئەقىللىق بولغىنىڭ تۈزۈك، بولمىسا مەن مۇھاپىزەتچىلەرنى چاقىرىمەن !

— مەن ئۇدۇل مەلىكىنى ئىزدەپ بارىمەن !

— لېكىن، مەن سېنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — سەن تۇتۇلۇپ قالىسەن.

راست دېگەندەك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم تۇتۇلۇپ قاپتۇ، چۈنكى چارلاپ يۈرگەن مۇھاپىزەتچىلەرمۇ كۆلەڭگىنىڭ مەلىكە تەگمەكچى بولغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەتكەنىكەن.

— تىترەۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە كۆلەڭگىدىن، — نېمە ئىش بولدى؟ بۈگۈن كەچ توي مۇراسىمىمىز ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاغرىپ قالسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ !

— مەن كىشىلەر يولۇققۇشى مۇمكىن بولغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشقا يولۇقتۇم، — دەپتۇ كۆلەڭگە، — مېنىڭ كۆلەڭگەم ئىلىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئادەم دەۋېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىمىشمەن.

— راستتىنلا قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەن بۇ ! — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇنى قاماپ قويغانسىلەر؟

— شۇنداق قىلدۇق ! بىراق، مەن ئۇنىڭ مەڭگۈ ياخشى بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— بىچارە كۆلەڭگە ! — دەپتۇ مەلىكە، — ئۇ ھەقىقەتەن بەختسىز ئىكەن. ئۇنى چاكىنا تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك بولىدۇ.



مېنىڭچە، ئۇنى مەخپىي جايلىشۋەتسەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ!

— بۇ بەكلا رەھىمسىزلىك بولارمىكىن، چۈنكى ئۇ سادىق خىزمەتكار ئىدى! — دەپتۇ كۆلەڭگە، يەنە تېخى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپمۇ قويۇپتۇ.

— سىز ھەقىقەتەن ئالىيجاناب ئىكەنسىز! — دەپتۇ مەلىكە.

كەچتە چىراغ ۋە مەشئەللەردىن پۈتكۈل شەھەر يوپيورۇق بولۇپ كېتىپتۇ، ساليوتلار پاراسلاپ ئېتىلىپتۇ، لەشكەرلەر ھۆرمەت ئوقى ئېتىپتۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، مەلىكە بىلەن كۆلەڭگە بالكونغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ تەنتەنىسىنى قوبۇل قىپتۇ.

ھېلىقى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بۇلارنى ئاززاقمۇ ئاڭلىماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىكەن...

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTk1NjIuemlw",
  "filename_decoded": "40219562.zip",
  "filesize": 31802305,
  "md5": "a37df0f9300edea53416f0a291fb692a",
  "header_md5": "89fb8890c980dee71b6af179411ea7ac",
  "sha1": "74416eced8b9ff70b950d8f8b8e0b8aebc5aa594",
  "sha256": "5d94dee3086ff0b9d6b9997dcbf36af3c53126c1f5df7715be61b7dc7d7e16c8",
  "crc32": 218862418,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 35643444,
  "pdg_dir_name": "\u2591\u2593\u2550\u255c\u2554\u00b7\u2550\u00bb\u2557\u2591\u2564\u00ed5\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40219562",
  "pdg_main_pages_found": 165,
  "pdg_main_pages_max": 165,
  "total_pages": 176,
  "total_pixels": 702197968,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}